2000 - يىلى 2 - ئاي
36 - سان
گىرمانىيىدە نەشر قىلىندى
EasternTurkistan
Information Center

# ئۇچقۇن

ھەپتىلىك سىياسىي - ئىلمىي
گېزىت
گېزىتىمىز 1999 - يىلى
3 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن
ئېتىبارەن نەشر قىلىنماقتا

**يىكىردە، سۆزدە، ئىشتە بىرلىك**

## غۇلجا قىرغىنچىلىقىنىڭ 3 - يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن بېرلىندا خىتايغا قارشى نامايىش ئۆتكۈزۈلدى

ئۆزمۇخبىرىمىز خەۋىرى: كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ غۇلجىدا ئېلىپ بارغان ۋەھشى قىرغىنچىلىقىنىڭ 3 - يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن، بۇيىل 2 - ئاينىڭ 5 - كۈنى مەركىزى ئورگىنى گېرمانىيەنىڭ ميونخېن شەھرىدىكى « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى.» بىلەن « شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » بىرلىكتە گېرمانىيەنىڭ پايتەختى بېرلىندىكى خىتاي ئەلچىخانىسى ئالدىدا نارازىلىق نامايىشى ئۆتكۈزدى. يۇقارقى ئىككى تەشكىلاتنىڭ مەركەزدىكى ئەزالىرىدىن تەركىپ تاپقان بىرگۇرۇپ ئۇيغۇر ياش، 2 - ئاينىڭ 4 - كۈنى كېچە سائەت 12 دە مەخسۇس ئاپتابۇس بىلەن ميونخېن شەھرىدىن 600 نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بېرلىن شەھرىگە قاراپ يولغا چىقتى ۋە كېچىچە ئۇخلىماي يول يۈرۈپ، ئەتىسى ئەتىگەندە خىتاينىڭ بېرلىن شەھرىدىكى باش ئەلچىخانىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توپلاندى. ( داۋامى گېزىتىمىزنىڭ 4 - بېتىدە )





## « دۇنيا ئىسلام جامائىتى تەشكىلاتى » يىغىنىدا شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە قارار ئېلىندى





2 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدىن 6 - كۈنىگىچە ئافرىقىنىڭ ئىچكى قۇرۇقلۇق دۆلىتى - چادتا ئۆتكۈزۈلگەن « دۇنيا ئىسلام جامائەتلىرى تەشكىلاتى » نىڭ 3 - قېتىملىق قۇرۇلتىيىدا، شەرقىي تۈركىستانغا بىر تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئەۋەتىش ھەققىدە مەخسۇس قارار ئېلىندى. « شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نىڭ رەئىسى ئابدۇجېلىل قاراقاش ئەپەندى بۇ قېتىمقى يىغىنغا ئالاھىدە تەكلىپ بىلەن قاتناشتى ھەمدە يىغىننىڭ شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە مەخسۇس قارار ئېلىشىدا ھەل قىلغۇچ مۇھىم رول ئوينىدى.
( داۋامى گېزىتىمىزنىڭ 2 - بېتىدە )

شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى نەشر قىلدى

# « دۇنيا ئىسلام جامائەتلىرى تەشكىلاتى » نىڭ 3 - قېتىملىق قۇرۇلتىيىدا شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە قارار ئېلىندى

ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى: 2000 - يىلى 2 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدىن 6 - كۈنىگىچە ئافرىقىنىڭ ئىچكى قۇرۇقلۇق دۆلىتى - چادتا، « دۇنيا ئىسلام جامائەتلىرى تەشكىلاتى » نىڭ 3 - قېتىملىق قۇرۇلتىيى ئۆتكۈزۈلدى. بۇقېتىمقى قۇرۇلتايغا، مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ قۇرغۇچىسى ۋە لىۋىيەنىڭ دۆلەت رەھبىرى مۇئەممەر كاززافى، ئافرىقىدىكى چاد، مالى ۋە ئىگىر جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ دۆلەت باشلىقلىرى، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئىسلام جامائەتلىرىنىڭ رەھبەرلىرىدىن بولۇپ مىڭدىن ئارتۇق ۋەكىل قاتناشتى.



مەركىزى ئورگىنى گېرمانىيەنىڭ مىيونخېن شەھىرىدىكى « شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نىڭ رەئىسى ۋە « شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللى قۇرۇلتىيىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇجېلىل قاراقاش ئەپەندىمۇ بۇقېتىمقى قۇرۇلتايغا ئالاھىدە تەكلىپ بىلەن قاتناشتى. بۇ، چەتئەلدە پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان بىر ئۇيغۇر تەشكىلاتىنىڭ ۋەكىلىنىڭ تۇنجى قېتىم مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ ئومومى قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.



بۇقېتىمقى قۇرۇلتاينىڭ ئاساسلىق مەقسىدى، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مۇسۇلمان خەلقلەرنىڭ بىرلىك، باراۋەرلىكىنى، ئىتتىپاقلىقىنى ۋە ئۆزئارا ھەمكارلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئاسارەت ئاستىدا ياشاۋاتقان مۇسۇلمان خەلقلەرگە ساھىپ چىقىش ۋە ئۇلارغا ئەملى ياردەم بېرىشتىن ئىبارەت.

مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ قۇرغۇچىسى ۋە لىۋىيەنىڭ دۆلەت رەھبىرى مۇئەممەر كاززافى قۇرۇلتايدا قىلغان ئېچىلىش نۇتقىدا، ئەرەپ - ئىسلام ئەللىرى ئوتتۇرىسىدىكى بىرلىك ۋە ئىتتىپاقلىقنى ئۆزئارا كۈچەيتىش، مۇسۇلمان خەلقلەر ئوتتۇرىسىدىكى ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش مەسىلىسى ھەققىدە ئالاھىدە توختالدى. بۇقېتىمقى قۇرۇلتاي، خىتاي بىلەن پەۋقۇلاددە يېقىن دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلەردە بولۇپ كېلىۋاتقان لىۋىيە ۋە چادقا ئوخشاش ئافرىقا ئەللىرى تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغاچقا، « شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نىڭ رەئىسى ئابدۇجېلىل قاراقاشنىڭ قۇرۇلتاينىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا قىلغان سۆزلىرى ھەم بۇ دۆلەتلەرنىڭ ۋەكىللىرىنى چۈچۈتتى ھەم دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ئىسلام جامائىتى ۋەكىللىرىنىڭ ئالاھىدە دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىدى.

ئابدۇجېلىل قاراقاش ئەپەندى قۇرۇلتايدا قىلغان سۆزىدە، شەرقىي تۈركىستاننىڭ تارىخى، جۇغراپىيەلىك ئەھۋالى ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات بېرىش بىلەن بىرگە، شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ئومومى سىياسى ۋەزىيىتى ھەققىدىمۇ ئاھايىتى ئەتراپلىق دوكلات بېرىپ ئۆتتى. ئۇنىڭ دوكلاتىدا، كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىغا قارىتا قىرىپ يوقىتىش سىياسىتىنى يۈرگۈزىۋاتقانلىقى، ئۇيغۇرلارنى دىنىي ئېتىقاتلىرىدىن ۋە ئىسلام دىنى ئاساسىدا شەكىللەنگەن مىللى ئۆرپ - ئادەتلىرىدىن تامامەن ۋازكەچتۈرۈشكە قىستاۋاتقانلىقى، بولۇپمۇ كېيىنكى يىللاردىن بۇيان خىتاي بىلەن روسىيەنىڭ ئۆزئارا تىل بىرىكتۈرۈپ، شەرقىي تۈركىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدە ئىسلام دىنىنىڭ ئوپۇزى ۋە تەسىرىنى پۈتۈنلەي يوقىتىشقا ئۇرۇنىۋاتقانلىقى ئەملى مىساللار ئارقىلىق تەپسىلى بايان قىلىندى.



ئابدۇجېلىل قاراقاش سۆزىنىڭ ئاخىرىدا، مەزكۇر تەشكىلاتتىن، مەخسۇس بىر ھەيئەت تەشكىللەپ شەرقىي تۈركىستانغا ئەۋەتىپ، خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قارىتا يۈرگۈزىۋاتقان زۇلۇم ۋە بېسىم سىياسىتىنى نەق مەيداندا تەكشۈرۈشنى ۋە خىتاي ھۆكۈمىتىگە قارىتا تېگىشلىك ئىنكاس قايتۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. ئابدۇجېلىل قاراقاشنىڭ تۈرك تىلىدا بەرگەن يازما نۇتقى، مەخسۇس تەرجىمان تەرىپىدىن ئۇدۇللۇق قۇرۇلتاي ئەھلىگە ئەرەپچىگە تەرجىمە قىلىپ بېرىلدى. ئۇنىڭ سۆزى ئاخىرلاشقاندا، قۇرۇلتاي ئەھلى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ ئۇزۇنغىچە قىزغىن چاۋاك چېلىشىپ ئالقىش ياغدۇردى.



## ئابدۇجېلىل قاراقاش ئەپەندى يىغىن زالىدا كوممۇنىست خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى زۇلۇملىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن رەسىم كۆرگەزمىسى ئاچتى

چادتا 3 كۈن داۋام قىلغان بۇقېتىمقى قۇرۇلتاي مەزگىلىدە ئابدۇجېلىل قاراقاش، دۇنيانىڭ ھەرقايسى ئەللىرىدىن كەلگەن ئىسلام تەشكىلاتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى بىلەن كەڭ دائىرىدە ئۇچرىشىپ ۋە سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، ئۇلارغا ئېزىلىۋاتقان ۋە خارلىنىۋاتقان شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئاھ - پەريادىنى ۋە ئارزۇ - ئىستەكلىرىنى يەتكۈزدى. يەنە ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەپسىلى ئاڭلىتىشقا تىرىشىپ، يەنە بىر جەھەتتىن ئۇلاردىن بۇقېتىمقى قۇرۇلتايدا شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە مەخسۇس قارار ئېلىنىشى ئۈچۈن ئەملى كۈچ چىقىرىشنى تەلەپ قىلدى، شۇنداقلا ئۇلارغا شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئەچچەمىڭ نۇسخا تەشۋىقات ۋارىقى تارقىتىپ بەردى. ئابدۇجېلىل قاراقاش ئەپەندىنىڭ يىغىن جەريانىدا ھارماي - تالماي تىرىشچانلىق كۆرسۈتىشى نەتىجىسىدە، يىغىن ئاخىرىدا قۇرۇلتاي ئورگىنى تەرىپىدىن شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە مەخسۇس قارار ئېلىندى ۋە مەزكۇر قارار قۇرۇلتاينىڭ رەسمى ھۆججىتى سۈپىتىدە پۈتۈن ۋەكىللەرگە تارقىتىپ بېرىلدى.

قارارنىڭ تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

( داۋامى 3 - بەتتە )

« شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نەشر قىلدى

## « دۇنيا ئىسلام جامائىتى تەشكىلاتى » نىڭ، جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى، خۇسۇسەن شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ئىگەللەش ھەققىدىكى قارارى

« دۇنيا ئىسلام جامائىتى تەشكىلاتى » نىڭ 3 - قېتىملىق يىغىنى، جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ، خۇسۇسەن، شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ئىگەللەپ كېلىش ئۈچۈن مەخسۇس تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئەۋەتىشنى قارار قىلدى.

يۇقارقى قارارغا ئاساسەن، بۇ تەكشۈرۈش ئۆمىكى پات ئارىدا جۇڭگوغا بېرىپ، مۇسۇلمانلار كۆپ ئولتۇراقلاشقان رايونلارنى، خۇسۇسەن شەرقىي تۈركىستاننى زىيارەت قىلىپ، ئۇيەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئىگەللەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ ئۆمەك ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات ئالىدۇ. ۋەكىللەر ئۆمىكى ھۆكۈمەت ۋە خەلق تەرەپنىڭ بەرگەن مەلۇماتىنى ئېلىپ قايتقاندىن كېيىن، « دۇنيا ئىسلام جامائىتى تەشكىلاتى » نىڭ رەھبەرلىك ئورگىنىغا مەلۇم قىلىدۇ، رەھبەرلىك ئورگىنى ئىگەللەپ كېلىنگەن ئەھۋاللارنى مۇزاكىرە قىلغاندىن كېيىن، جۇڭگو بىلەن بولغان دىپلوماتىك ئالاقىغە زىيان يەتكۈزمىگەن ئاساستا، شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىغا قانداق ياردەم قىلىش ھەققىدە قارارلار چىقىرىدۇ ۋە بۇ قارار ئىجرائىيە كومىتېتى تەرىپىدىن ئىجرا قىلىنىدۇ.

« دۇنيا ئىسلام جامائىتى تەشكىلاتى » ئىجرائىيە كومىتېتى
ئىنجامىنا - چاد جۇمھۇرىيىتى
2000 - يىلى 2 - ئاينىڭ 6 - كۈنى



ھۆرمەتلىك ۋەتەنداشلار، خىتاي بىلەن دىپلوماتىيە جەھەتتە يەۋقۇلاددە يېقىن بولغان ئافرىقا ئەللىرىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئۆتكۈزۈلگەن بۇقېتىمقى قۇرۇلتايدا شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە مەخسۇس قارار ئېلىنغانلىقى، خىتاي ھاكىمىيىتى ئۈچۈن دىپلوماتىيە جەھەتتە قاتتىق بىر زەربە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنىڭ ئىسلام ئالىمىدىكى تەسىرىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈنمۇ ئالاھىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

« شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نىڭ رەئىسى ئابدۇجېلىل قاراقاش ئەپەندى بەنە بۇقېتىمقى يىغىنغا قاتنىشىش يۈرىستىدىن پايدىلىنىپ، چادتىن ئافرىقىدىكى مۇسۇلمان دۆلىتى كامرونغا بېرىپ، بۇ دۆلەتتىكى بەزى ئىسلام تەشكىلاتلىرىنى ۋە بەزىلىك قەبىلىلەرنى زىيارەت قىلدى.





ئابدۇجېلىل قاراقاش يىغىن جەريانىدا، « ئالجىرىيە مۇسۇلمانلار جامائىتى ھەرىكىتى پارتىيەسى » نىڭ رەھسى مەھفۇز نەھنا ئەپەندى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۆزئارا ھەمكارلىق مۇناسىۋەتلىرىنى كۈچەيتىش ھەققىدە سۆھبەتلەشتى.



ئابدۇجېلىل قاراقاش يىغىن جەريانىدا، كامبودژىنىڭ ئەمگەك ۋە قاتناش مىنىستىرى ئەھمەت يەھيا ئەپەندى بىلەن ئايرىم كۆرۈشتى. يەھيا ئەپەندى نۆۋەتتە كامبودژادا 1 مىليون مۇسۇلماننىڭ ياشاۋاتقانلىقىنى بايان قىلدى.



ئابدۇجېلىل قاراقاش يىغىن جەريانىدا لىۋان ياشلار تەشكىلاتىنىڭ رەئىسى بىلەن ئايرىم كۆرۈشۈپ سۆھبەتلەشتى ۋە ئىككى تەرەپنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ھەمكارلىق مۇناسىۋەتلىرى ھەققىدە كەڭ دائىرىدە پىكىر ئالماشتۇردى.

« شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نەشر قىلدى

( بېشى 1 - بەتتە ) بۇ بىرگۇرۇپ ئۇيغۇر نامايىشچى كىچىچە يول يۈرۈپ ھېرىپ - چارچىغىنىغا قارىماي، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئاي - يۇلتۇزلۇق كۆك بايرىقىنى جەۋلان قىلدۇرۇپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى قىرغىنچىلىق سىياسەتلىرى پاش قىلىنغان لوزۇنكىلارنى، رەسىملىك تاختىلارنى ئىگىز كۆتۈرۈپ، « خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى شەرقىي تۈركىستاندىن چىقىپ كەتسۇن! »، « غۇلجىدا شېھىت بولغان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ قىساسىنى چوقۇم ئالىمىز! »، « شېھىتلەر ئۆلمەس! »، « ۋەتەن بىزنىڭ! »، « ياشىسۇن شەرقىي تۈركىستان! »،« يوقالسۇن خىتاي فاشىستلىرى! » دېگەن مەزمۇنلاردا ئۇيغۇرچە، خىتايچە ۋە گېرمانچە تىللاردا جاراڭلىق شوئار توۋلاپ، خىتاي ئەلچىخانىسىنىڭ ئالدىنى زىل - زىلىگە سالدى.



نامايىشچىلار شوئار توۋلاۋاتقاندا، بەزى خىتاي دىپلوماتلار ئەلچىخانىسىنىڭ ئالدىغا چىقىپ ھومىيىپ قاراپ تۇرۇشتى. يەنە بەزى خىتاي دىپلوماتلار ئەلچىخانا بىناسىنىڭ دەرىزىسىدىن نامايىشچىلىرىمىزنى كامېرا ۋە رەسىم ئاپاراتى بىلەن سۈرەتكە ئېلىشقا باشلىدى.

نامايىش تازا ئەۋجىگە چىققاندا، ئۇيغۇر نامايىشچىلار خىتاينىڭ دۆلەت بايرىقىنى كۆيدۈرۈپ تاشلاپ، ئۆزلىرىنىڭ كوممۇنىست خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىگە بولغان غەزەپ - نەپرىتىنى نامايەن قىلىشتى. خىتاينىڭ دۆلەت بايرىقى كۆيدۈرۈلىۋاتقاندا، خىتاي ئەلچىخانىسىنىڭ بىناسىدىن بەزى خىتاي دىپلوماتلار سىرتقا پالاقشىپ چىقىپ، نامايىشنىڭ تەرتىپىنى قوغداۋاتقان گېرمان ساقچىلاردىن ئۇيغۇر نامايىشچىلارنىڭ بايراق كۆيدۈرۈش ھەرىكىتىنى دەرھال توسۇشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، ئەمما گېرمان ساقچىلار خىتايلارنىڭ چالۋاقاشلىرىغا ئانچە پىسەنت قىلىپ كەتمىدى ۋە ھەش - پەش دېگۈچە خىتاينىڭ دۆلەت بايرىقى كۆيۈپ كۈلگە ئايلاندى. بايراق كۆيدۈرۈش جەريانىدا نامايىشچىمىز ئادىل تۇرسۇننىڭ بىر قولى ئوتتا كۆيۈپ يېنىك يارىلاندى.

بۇقېتىمقى نارازىلىق نامايىشىغا ئۇيغۇرلاردىن باشقا يەنە، گېرمانىيەدىكى « نىزامى ئالەم تۈرك جەمىيەتلىرى بىرلىكى » نىڭ رەئىسى ياۋۇز سۈيلىمەس باشچىلىقىدىكى بەزى تۈرك قېرىنداشلارمۇ ئىشتىراك قىلدى.

نامايىش جەريانىدا، « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى » بىلەن « شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نىڭ، غۇلجا قىرغىنچىلىقىنىڭ 3 - يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئېلان قىلغان ئورتاق باياناتى ئۇيغۇرچە، خىتايچە ۋە گېرمانچە تىللاردا ئوقۇپ ئۆتۈلدى ۋە ئەتراپتىكىلەرگە، كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە قارىتا يۈرگۈزىۋاتقان قىرغىنچىلىق سىياسەتلىرى پاش قىلىنغان گېرمانچە تەشۋىقات ۋاراقلىرى تارقىتىپ بېرىلدى.

# دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى ۋە شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزىنىڭ، غۇلجا قىرغىنچىلىقىنىڭ 3 - يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئېلان قىلغان بىرلەشمە

بۈگۈن، پۈتۈن شەرقىي تۈركىستانلىقلار ئۈچۈن ئىنتايىن قايغۇلۇق ۋە ئۇنتۇلغۇسىز بىر كۈن، چۈنكى بۈندىن 3 يىل بۇرۇنقى بۈگۈنكى كۈندە، قانخور، فاشىست خىتاي ھۆكۈمىتى غۇلجا شەھرىدە قولىدا تۆمۈرنىڭ سۇنىقىمۇ بولمىغان 400 دىن ئارتۇق ئۇيغۇرنى ئىنچىنىشلىق ھالدا رەھىمسىزلەرچە قىرىپ تاشلىغان ئىدى. بۇقېتىمقى قىرغىنچىلىقتا ھاياتىدىن ئايرىلغانلار ئىچىدە ئانىلار، ھەتتا ئارىسىدە باللىرىمۇ بارئىدى. ئەينى چاغدا ۋەقەنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلەر، خەلقئارالىق تەشكىلاتلار ۋە تاشقى دۇنيادىكى ئوبيوزلۇق ئاخبارات ئورگانلىرىنىڭ خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، شۇ كۈنى شېھىت بولغان 400 ئۇيغۇرنىڭ 146 نەپىرى خىتاي فاشىستلىرىنىڭ ئۆلدىن تۆۋەن 30 گىرادۇسلۇق قەھرىتان سوغۇقتا ئۈستى - بېشىغا كىبسلاتالىق سۇ چېچىشى تۈپەيلىدىن ئۈششۈپ ئۆلگەن، 90 نەپىرى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەن، 160 نەپىرى بولسا خىتاي ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن مىلتىق بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن، نەق مەيداندا 2 مىڭغا يېقىن ئۇيغۇر قولغا ئېلىنىش بىلەن بىرگە، كۆپ ساندىكى ئۇيغۇرلار تاياق دەستىدىن قاتتىق يارىلانغان، ئېغىرمۇ ئىنچىنىشلىق يېرى شۇكى، ۋەقەدىن كېيىن خىتاي ھۆكۈمىتى ئىلى ۋىلايىتى تەۋەسىدىكى پۈتۈن دوختۇرخانىلارغا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، نامايىش جەريانىدا يارىلانغان ئۇيغۇرلارنى داۋالاشنى قەتئىي مەنئى قىلغان، بۇ سەۋەپتىن خېلى كۆپلىگەن ئۇيغۇرلار داۋالانماي ئىنچىنىشلىق ھالدا ئۆلۈپ كەتكەن ياكى مېيىپ قالغان! بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسى قانداقتۇر خىتاينىڭ يالغان تەشۋىقاتلىرىدا بايان قىلىنغىنىدەك « ئوغرى، بۇلاڭچى، قاتىل، تېرورىست » ئەمەس، بەلكى كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ چېكىدىن ئاشقان زوراۋانلىق سىياسىتىگە تىنچلىق شەكلىدە ئۆتكۈزۈلگەن بىر قېتىملىق نامايىشقا قاتنىشىپ ئۆزلىرىنىڭ نارازىلىقىنى بىلدۈرگەن بىگۇناھ ئىنسانلار ئىدى!

كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ غۇلجىدا ئېلىپ بارغان بۇ ۋەھشى قىرغىنچىلىقى ئەينى چاغدا ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى پۈتۈن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىگە بولغان قاتتىق غەزەپ - نەپرىتىنى قوزغاپلا قالماي، بەلكى دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭمۇ ئالاھىدە دىققەت - ئېتىۋارىنى قوزغىغان ئىدى. ۋەتەن سىرتىنى ئېلىپ ئېيتساق، غۇلجا قىرغىنچىلىقىدىن كېيىن، قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان، تۈركمەنىستان، روسىيە، پاكىستان، تۈركىيە، سەئۇدى ئەرەبىستان، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى، مىسىر، سۈرىيە، ئاۋۇستىرالىيە، ئامېرىكا، گېرمانىيە، شۋېتسارىيە، شۋېتسىيە، گوللاندىيە، بېلگىيە، ۋېنگرىيە ... قاتارلىق ئەللەردە ياشاۋاتقان 1 مىليونغا يېقىن شەرقىي تۈركىستانلىق ۋە بۇ دۆلەتلەردىكى 30 غا يېقىن شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتى بىر ياقىدىن باش چىقىرىپ، ھەرخىل شەكىل ۋە ئۇسۇللار ئارقىلىق كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ غۇلجىدىكى ۋەھشى قىرغىنچىلىقىغا قاتتىق نارازىلىق بىلدۈردى، شۇيىلى 2 - ئاي ئىچىدىلا گېرمانىيە، تۈركىيە، قازاقىستان، ئاۋۇستىرالىيە، ئامېرىكا، شۋېتسىيە، گوللاندىيە ... قاتارلىق دۆلەتلەردىكى ئۇيغۇرلار بۇ ۋەقە مۇناسىۋىتى بىلەن خىتايغا قارشى جەمئىي 15 قېتىم نامايىش ئۆتكۈزدى ۋە شۇندىن بۇيان ھەريىلى مۇشۇ كۈندە بۇخىل نارازىلىق پائالىيەتلىرىنى ئىزچىل ھالدا داۋاملاشتۇرۇپ كەلمەكتە. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ ۋەقە ئەينى چاغدا پۈتۈن دۇنيا مەتبۇئاتلىرىدا كەڭ كۆلەمدە خەۋەر قىلىنىپ، دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا بولغان دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىغان ئىدى. ( داۋامى 5 - بەتتە )





« شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نەشر قىلدى

# غولجا قىرغىنچىلىقىنىڭ 3 - يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئاۋۇستىرالىيەدە خىتايغا قارشى ئىككى قېتىم نامايىش ئۆتكۈزۈلدى

ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى: « ئاۋۇستىرالىيە شەرقىي تۈركىستان جەمىيتى »، كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيتىنىڭ 1997 - يىلى غولجىدا ئېلىپ بارغان ۋەھشى قىرغىنچىلىقىنىڭ 3 - يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن، 2 - ئاينىڭ 5 - ۋە 6 - كۈنلىرى ئاۋۇستىرالىيەنىڭ سىدنېي ۋە ئادېلايدې شەھەرلىرىدە خىتايغا قارشى نارازىلىق نامايىشى ئۆتكۈزدى.



ئالدى بىلەن، 2 - ئاينىڭ 5 - كۈنى سائەت 12 لەردە « ئاۋۇستىرالىيە شەرقىي تۈركىستان جەمىيتى » نىڭ تەشكىللىشى بىلەن 100 دىن ئارتۇق كىشى خىتاينىڭ سىدنېيدىكى ئەلچىخانىسى ئالدىغا توپلىنىپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئاي - يۇلتۇزلۇق كۆك بايرىقىنى ۋە خىتاي ھاكىمىيتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان قىرغىنچىلىق سىياسەتلىرى پاش قىلىنغان ئەنگىلىزچە لوزۇنكا ھەم تاختىلارنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، جاراڭلىق ھالدا شوئار تووۋلاپ، رەھىمسىز خىتاي ھاكىمىيتىنىڭ بۇندىن 3 يىل بۇرۇن غولجا خەلقىگە قارىتا يۈرگۈزگەن كەڭ كۆلەملىك قىرغىنچىلىق سىياسىتىنى قاتتىق ئەيىپلىدى.

نامايىش جەريانىدا، « ئاۋۇستىرالىيە شەرقىي تۈركىستان جەمىيتى » نىڭ پەخرى رەئىسى ئەخمەت ئىگەمبەردى بىلەن مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ باياناتچىسى تەلئەت ئابباسلار مەخسۇس سۆز قىلىپ، ئەتراپتا نامايىشنى كۆزىتىۋاتقان ئاۋۇستىرالىيە خەلقىگە كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە قارىتا يۈرگۈزىۋاتقان قىرغىنچىلىق سىياسىتىنى پاش قىلدى ھەمدە ئاۋۇستىرالىيە ھۆكۈمىتى بىلەن دۇنيا جامائەتچىلىكىنى، خىتاي ھاكىمىيتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىنسانى ھەق - ھوقۇقلارغا قىلىۋاتقان تاجاۋۇزچىلىق قىلمىشلىرىغا يېقىندىن دىققەت قىلىشقا ۋە خىتاي ھاكىمىيتىنىڭ بۇخىل غەيرى ئىنسانى قىلمىشلىرىغا تېگىشلىك ئىنكاس قايتۇرۇشقا چاقىردى.

بۇقېتىمقى نامايىشقا، « ئاۋۇستىرالىيە تۈركىستان جەمىيتى » نىڭ سىدنېيدىكى ئەزالىرىدىن سىرت يەنە شەرقىي تۈركىستان داۋاسىغا ھېسداشلىق قىلىپ كېلىۋاتقان بىرقىسىم تۈرك قېرىنداشلىرىمىزمۇ ئىشتىراك قىلدى.

نامايىش ئاخىرىدا، غولجا قىرغىنچىلىقىدا شېھىت بولغانلارنىڭ روھىغا ئاتاپ مەخسۇس دۇئا - تىلاۋەت قىلىندى.

2 - ئاينىڭ 6 - كۈنى يەنە، « ئاۋۇستىرالىيە شەرقىي تۈركىستان جەمىيتى » نىڭ ئادېلايدې شەھرىدىكى بىرقىسىم ئەزالىرىمۇ مەزكۇر شەھەردىكى جەنوبى ئاۋۇستىرالىيە پارلامېنتىنىڭ ئالدىغا توپلىنىپ، كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيتىنىڭ غولجىدا ئېلىپ بارغان قىرغىنچىلىقىنىڭ 3 - يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن خىتايغا قارشى نارازىلىق نامايىشى ئۆتكۈزدى. بۇقېتىمقى نامايىشقا، ئۇيغۇرلارغا ھېسداشلىق قىلىپ كېلىۋاتقان بىرقىسىم تۈرك ۋە ئافغان قېرىنداشلارمۇ ئىشتىراك قىلدى. نامايىش جەريانىدا ئۇلار خىتايغا قارشى جاراڭلىق شوئار تووۋلاپ، ئەتراپتىكى ئاممىغا تەشۋىقات ۋاراقلىرىنى تارقىتىپ، خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى جىنايى قىلمىشلىرىنى پاش قىلدى.

نامايىش جەريانىدا « ئاۋۇستىرالىيە شەرقىي تۈركىستان جەمىيتى » نىڭ رەئىسى تۇرغان ئابدۇللا سۆز قىلىپ، كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيتىنىڭ 1997 - يىلى 2 - ئاينىڭ 5 - كۈنى غولجىدا ئېلىپ بارغان ۋەھشى قىرغىنچىلىقىدىن بۇيان شەرقىي تۈركىستاندا بۇخىل قىرغىنچىلىق سىياسىتىنى ئىزچىل ھالدا داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەنلىكىنى ۋە بۇ جەرياندا كۆپلىگەن بىگۇناھ ئۇيغۇرلارنى تۈرلۈك تۆھمەتلەر بىلەن تۇتقۇن قىلىپ تۈرمىلەرگە تاشلىغانلىقىنى، ھەتتا ئۆلۈم جازالىرىغا ھۆكۈم قىلغانلىقىنى، يەنە كۆپلىگەن بىگۇناھ ئۇيغۇرلارنىڭ قاراڭغۇ تۈرمىلەردە ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ۋەھشىلەرچە قىيىن - قىستاق دەستىدىن ئۆلۈم كەتكەنلىكىنى تەپسىلى بايان قىلىپ ئۆتكەندىن كېيىن، ئاخىرىدا مۇنداق دېدى: « بىز خىتاي ھۆكۈمىتىدىن شەرقىي تۈركىستانلىق سىياسى مەھبۇسلارنى ئۆلتۈرۈشنى دەرھال توختىتىشنى ۋە ئۇلارنى دەرھال شەرتسىز قويۇپ بېرىشنى قەتئى تەلەپ قىلىمىز! ئاۋۇستىرالىيە ھۆكۈمىتىدىنمۇ دۇنيادىكى باشقا دېموكراتىك دۆلەتلەرگە ئوخشاش، ئىنسان ھەقلىرى مەسىلىسىدە خىتاي ھۆكۈمىتىگە قاتتىق بېسىم ئىشلىتىشنى تەلەپ قىلىمىز! ».

يۇقارقى ئىككى قېتىملىق نامايىشتىن كېيىن، « ئاۋۇستىرالىيە شەرقىي تۈركىستان جەمىيتى » ئاۋۇستىرالىيەنىڭ باش مىنىستىرى جون ھوۋارد ئەپەندى بىلەن جەنوبى ئاۋۇستىرالىيە پارلامېنتىغا ئايرىم - ئايرىم ھالدا مەكتۇپ يوللاپ، ئۇلارغا شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئۆۋەتتىكى جىددى سىياسى ۋەزىيىتى ھەققىدە ئەتراپلىق مەلۇمات بېرىش بىلەن بىرگە، ئۇلاردىن ئىنسان ھەقلىرى مەسىلىسىدە خىتايغا تېخىمۇ كۈچلۈك بېسىم ئىشلىتىشنى ۋە كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە قارىتا يۈرگۈزىۋاتقان قىرغىنچىلىق سىياسىتىنى نەزەردىن ساقىت قىلىۋەتمەسلىكنى تەلەپ قىلدى. ئۇدىن باشقا بۇ تەشكىلات يەنە غولجا قىرغىنچىلىقىنىڭ 3 - يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن پۈتۈن دۇنياغا مەخسۇس بايانات تارقاتتى.

## ئۇيغۇر ئىنتەرنەت سەھىپىسى

### گېرمانىيەنىڭ « Die Welt » گېزىتىدە

ئۆزمۇخبىرىمىز خەۋىرى: مەركىزى ئورگىنى گېرمانىيەنىڭ مىيونخېن شەھرىدىكى « شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نىڭ دۇنيا ئىنتەرنەت تورىدا ئاچقان « ئۇيغۇر » سەھىپىسى، گېرمانىيەنىڭ « Die Welt » گېزىتىنىڭ بۇيىل 2 - ئاينىڭ 16 - كۈندىكى سانىدا ئالاھىدە تونۇشتۇرۇلدى. مەزكۇر گېزىتتە، ئۇيغۇر ئىنتەرنەت سەھىپىسى ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات بېرىلىش بىلەن بىرگە يەنە، « ئۇيغۇر » سەھىپىسى تەركىۋىدىكى گېرمانچە بۆلۈمىنىڭ سىرتقى ئومۇمى كۆرۈنۈشى بېسىلدى. « Die Welt » گېزىتى گېرمان خەلقىگە، ئۇيغۇرلار ۋە شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە مەلۇمات ئېلىشنى ئىستىگەنلەرنىڭ، مەزكۇر سەھىپىگە كىرىش ئارقىلىق ئەتراپلىق مەلۇماتقا ئىگە بولالايدىغانلىقىنى ئىزاھلاش بىلەن بىرگە، دۇنيا ئىنتەرنەت تورىدىكى « ئۇيغۇر » سەھىپىسىنىڭ تەپسىلى ئادرېسىنىمۇ ئالاھىدە تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى. بۇ، « شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » تەرىپىدىن تەسىس قىلىنغان « ئۇيغۇر » ئىنتەرنەت سەھىپىسىنىڭ، دۇنيا ئىنتەرنەت ساھەسىگە تەسىر كۆرسىتىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بەرمەكتە.




Ähnlich wie Tibet wurde Ost-Turkistan oder Xinjiang, so der offizielle chinesische Name, von China okkupiert. Die dort ansässigen Uiguren revoltieren mehr als andere ethnische Minderheiten Chinas gegen ihre Besatzer. Besonders in jüngster Zeit kommt es häufig zu Aufständen und Anschlägen.

*Informationen über Ost-Turkistan und die Uiguren im Internet:*
www.uygur.org/deutsch.htm

## ئامېرىكىلىق مۇتەخەسسىسنىڭ تەكلىۋى:

# « تىبەت بىلەن شەرقىي تۈركىستاندىمۇ « بىردۆلەتتە ئىككىخىل تۈزۈم » نى يولغا قويۇش مۇمكىنمۇ؟ »

شاڭگاڭدا نەشر قىلىنىۋاتقان « شىڭداۋ » گېزىتىدە، « شىنجاڭ بىلەن تىبەتتىمۇ « بىر دۆلەتتە ئىككىخىل تۈزۈم » نى يولغا قويۇش مۇمكىنمۇ؟ » دېگەن ماۋزۇدا بىرپارچە مۇلاھىزە ماقالىسى ئېلان قىلىندى. مەزكۇر ماقالىنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسلانغاندا، ئامېرىكا هۆكۈمىتىگە قاراشلىق « ستراتېگىيە ھەم خەلقئارا تەتقىقات مەركىزى » نىڭ ئاسىيا ئىشلىرى تەتقىقاتچىسى مور ئەپەندى يېقىندا، « خىتاي ھۆكۈمىتى ئوۋەتتە شاڭگاڭ ۋە ئاۋمېنلاردا يولغا قويۇۋاتقان « بىردۆلەتتە ئىككىخىل تۈزۈم » سىياسىتىنى كەلگۈسىدە تىبەت ۋە شىنجاڭلاردىمۇ يولغا قويۇش مەسىلىسىنى ئويلىشىپ بېقىشى كېرەك » دېگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويغان.

مەزكۇر ماقالىدا مۇنداق دەپ بايان قىلىندى: « جۇڭگو چوڭ قۇرۇقلۇقىدا 50 دىن ئارتۇق ئازسانلىق مىللەت بار، بۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى شىنجاڭ ۋە تىبەتكە ئورۇنلاشقان، لاما دىنىغا ئېتىقات قىلىدىغان تىبەتلەر بىلەن ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلىدىغان ئۇيغۇرلار باشتىن - ئاخىر كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ بېشىغا بالا بولۇپ كەلدى ».

ئامېرىكىلىق مۇتەخەسسىس مور ئەپەندى بۇ ھەقتىكى قاراشلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: « تىبەت ۋە شىنجاڭ رايونىدا داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتى ئۈچۈن ناھايىتى زور بىر تەھدىت بولۇپلا قالماستىن، بەلكى تەيۋەننىڭ مۇستەقىللىقى ئەمەلگە ئېشىپ قالسا، بۇ رايونلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ باش كۆتۈرۈپ چىقىشى مۇمكىن. كوممۇنىستىك پارتىيە ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان 50 يىلدىن بۇيان بۇ رايونلاردا ( تىبەت بىلەن شەرقىي تۈركىستاندا ) مىللىي مۇستەقىللىقنى مەقسەت قىلغان قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرى شىددەت بىلەن كۆچەيدى، ئازاتلىق ئارمىيە بولسا بۇخىل ھەرىكەتلەرنى ئاساسەن قورال كۈچى ئارقىلىق باستۇرۇپ كەلدى، بولۇپمۇ خەنزۇلارنىڭ تىبەت ۋە شىنجاڭغا كېلىپ پەيدىن - پەي يەرلىشىشىغا ئەگىشىپ بۇ رايونلاردا قوزغىلاڭلار تېخىمۇ كۆپەيدى، بۇ، تېخىمۇ كۆپ ئازاتلىق ئارمىيەنىڭ بۇ رايونلارغا كىرىپ يەرلىشىشىگە سەۋەبچى بولدى. تىبەتلىكلەر بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ بېيجىڭ بىلەن بولغان ئەڭ زور ئىختىلاپى — كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ تىل ۋە دىنى ئەركىنلىك جەھەتلەردە بۇ خەلقلەرگە ئىنتايىن زور چەكلىمە قويۇپ كەلگەنلىكىدىن ئىبارەت ».

ئامېرىكىلىق مور ئەپەندى تىبەت ۋە شەرقىي تۈركىستاننى ئاۋمېن مەسىلىسىگە بىرلەشتۈرگەن ھالدا ئانالىز قىلىپ مۇنداق دەپ بايان قىلدى: « ئەگەر بىز ئاۋمېننىڭ ئاساسىي قانۇنى بىلەن كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ تىبەت ۋە شەرقىي تۈركىستاندا يۈرگۈزۈۋاتقان تىل - يېزىق سىياسىتىنى سېلىشتۇرىدىغان بولساق، ناھايىتى كۆلكىلىك ۋە زىددىيەتلىك تەرەپلەرنى كۆرۈۋالالايمىز. ئاۋمېننىڭ ئاساسىي قانۇنىغا ئاساسلانغاندا، ئاۋمېننىڭ 450 مىڭ نوپۇسىنىڭ پەقەتلا 10 پىرسەنتى پورتۇگالىيەلىكلەردىن ئىبارەت، شۇنداقتىمۇ يەنە بۇيەردە خىتاي تىلى بىلەن پورتۇگالىيە تىلى ئاۋمېننىڭ ھۆكۈمەت تىلى قىلىپ بېكىتىلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئاۋمېندا تەخمىنەن 88 مىڭ باشلانغۇچ - ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ئىچىدە 40 مىڭ نەپەر ئوقۇغۇچى پورتۇگال تىلىدىكى مەكتەپلەردە ۋە كاتولىك دىنى مەكتەپلىرىدە ئوقۇيدۇ ».

مور ئەپەندى ئۆز سۆزىدە يەنە، شاڭگاڭدا 1997 - يىلى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن ئېتىبارەن « بىر دۆلەتتە ئىككىخىل تۈزۈم » نىڭ ئىجرا قىلىنىۋاتقانلىقى، تەيۋەننىڭ بولسا كوممۇنىست خىتاينىڭ بۇ تەكلىۋىنى باشتىن - ئاخىر رەت قىلىپ كەلگەنلىكى، ئەگەر كوممۇنىست ھۆكۈمەتنىڭ ئاۋمېندا تىل ۋە دىنى جەھەتتە كۆرسەتكەن كەڭ قوساقلىقىنى خىتايدىكى ئازسانلىق مىللەت رايونلىرىدىمۇ كۆرسەتكەن تەقدىردە، تىبەت ۋە شەرقىي تۈركىستانلاردا كەلگۈسىدە « بىردۆلەتتە ئىككىخىل تۈزۈم » نىڭ يولغا قويۇلۇپ قېلىش ئېھتىمالىنىڭ مەۋجۇتلىقىنى بايان قىلدى.

# خىتاينىڭ « 10 چوڭ » خەۋىرى

« خىتاي سودىگەرلىرى گېزىتى » نىڭ خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، خېتايدا ھۆكۈمەت قارمىقىدىكى 14 ئاساسلىق ئاخبارات ئورگىنى بىرلىكتە، خىتاينىڭ 99 - يىلىدىكى 10 چوڭ خەۋىرىنى تاللاپ چىقىپ ئېلان قىلغان.

خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان بۇ « 10 چوڭ خەۋەر » تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

( 1 )

99 - يىلى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 - يىللىقى خاتىرلەندى.

( 2 )

99 - يىلى 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنى مەملىكەتلىك 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 - قېتىملىق يىغىنىدا، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئاساسىي قانۇنىنىڭ تۈزۈتۈش كىرگۈزۈلگەن لايىھەسى ماقۇللىنىپ، دېڭ شياۋپىڭنىڭ نەزەرىيەسى ئاساسىي قانۇنغا كىرگۈزۈلدى.

( 3 )

99 - يىلى 12 - ئاينىڭ 20 - كۈنى خىتاي ئاۋمېننىڭ ئىگىلىك ھوقوقىنى قايتۇرۇۋالدى.

( 4 )

99 - يىلى 11 - ئاينىڭ 20 - كۈنى بىر سىناق ئادەم كېمىسىنى مۇۋاپىقىيەتلىك ھالدا قويۇپ بەردى.

( 5 )

99 - يىلى 11 - ئاينىڭ 15 - كۈنى خىتاي بىلەن ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدا، خىتاينىڭ دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرىشى ھەققىدە كېلىشىمنامە ئىمزالاندى.

( 6 )

99 - يىلى 5 - ئاينىڭ 8 - كۈنى خىتاينىڭ يۇگوسلاۋىيەدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسى ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى « شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى » قارمىقىدىكى ھەربى ئايروپىلانلارنىڭ بومباردىمان قىلىشىغا ئۇچرىدى.

( 7 )

99 - يىلى 7 - ئاينىڭ 22 - كۈنى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرى « فالۇنگوڭ تەتقىقات جەمىيىتى » نى ۋە ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدىكى « فالۇنگوڭ تەشكىلاتى » نى ئەمەلدىن قالدۇردى. 10 - ئاينىڭ 30 - كۈنى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمى كومىتېتى ، « غەيرى دىنى تەشكىلاتلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، غەيرى دىنى پائالىيەتلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە چەكلەش ھەققىدىكى قارار » نى ماقۇللىدى.

( 8 )

99 - يىلى 7 - ئاينىڭ 9 - كۈنى لى دېڭخۇي « ئىككى دۆلەت نەزەرىيەسى » نى ئېلان قىلدى.

( 9 )

99 - يىلى 9 - ئاينىڭ 19 - كۈنىدىن 22 - كۈنىگىچە خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ 15 - قېتىملىق قۇرۇلتىيى بېيجىڭدا چاقىرىلدى.

( 10 )

99 - يىلى 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى كۈنمىڭدا خەلقئارالىق كۆرگەزمە يىغىنى چاقىرىلدى.

# بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى خىتاي ھۆكۈمىتىنى ئەيىپلىدى

گېرمانىيەدە نەشر قىلىنىۋاتقان « خىتاي سودىگەرلىرى گېزىتى » نىڭ خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، 99 - يىلى 12 - ئاينىڭ 27 - كۈنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئىنسان ھەقلىرىنى تەكشۈرۈش ئورگىنى مەخسۇس قارار چىقىرىپ، 4 نەپەر « فالۇنگوڭ » مۇرىتىنى ئېغىر قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن خىتاي ھۆكۈمىتىنى قاتتىق ئەيىپلىگەن.

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئەيىپنامىسىغا ئاساسلانغاندا، خىتاي ھۆكۈمىتى يېقىندا 4 نەپەر « فالۇنگوڭ » مۇرىتىنى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 7 يىللىقتىن 18 يىللىققىچە قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلغان.

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئىنسان ھەقلىرىنى تەكشۈرۈش ئورگىنى دۇنيا ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتىدىن بۇيىل جەنۋەدە چاقىرىلىدىغان ئىنسان ھەقلىرى يىللىق يىغىنىدا خىتاي ھۆكۈمىتىنى ئىنسان ھەقلىرىغا قىلغان تاجاۋۇزچىلىق قىلمىشى تۈپەيلىدىن قاتتىق ئەيىپلەشنى تەلەپ قىلغان.

« شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نەشر قىلدى

ئالاھىدە مەخسۇس سان ✧ ئالاھىدە مەخسۇس سان ✧ ئالاھىدە مەخسۇس سان

# ئۇچقۇن

ھەپتىلىك سىياسىي - ئىلمىي گېزىت

گېزىتىمىز 1999 - يىلى 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن ئېتىبارەن نەشر قىلىنماقتا

2000 - يىلى 2 - ئاي

38 - سان

گېرمانىيىدە نەشر قىلىندى

EasternTurkistan Information Center

يىگىردە، سۆزدە، ئىشتە بىرلىك


## ۋاڭ لېچۇەننىڭ خوتەندە قىلغان مەخپىي سۆزىگە باھا


پەرھات مۇھەممىدى

( « ئۇچقۇن » گېزىتىنىڭ مەسئۇلى ۋە باش تەھرىرى )


ئاپتورنىڭ ئىلاۋىسى: ھۆرمەتلىك ۋەتەنداشلار، تۆۋەندە دىققىتىڭلارغا سۇنماقچى بولغىنىمىز، مەركىزى ئورگىنى گېرمانىيەنىڭ مىيونخىن شەھرىدىكى « شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » تەرىپىدىن قولغا چۈشۈرۈلگەن ئاتالمىش « ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم » نىڭ سېكرېتارى ۋاڭ لېچۈەننىڭ 12 - ئاينىڭ 17 - كۈنى خوتەندە قىلغان مەخپىي دوكلاتىغا قارىتا يېزىلغان تەنقىدى ماقالىنىڭ داۋامىدىن ( بېشى گېزىتىمىزنىڭ ئۆتكەنكى ساندا ) ئىبارەت.

机密

王乐泉书记在和田地区稳定工作

会议上的讲话

（根据录音整理，已经本人审阅）

تۆۋەندىكى سىياسى مۇلاھىزە سۇيىكتىپ ھېسسىياتتىن خالى ھالدا دىيالېكتىكىلىق ئۇقىنەزەر بويىچە يېزىپ چىقىلدى ۋە بۇ ماقالە « ئامېرىكا ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى » دا 17 پىراگىراپ بويىچە بۆلۈپ ئاڭلىتىلدى. سىزلەنى ئۇنىڭ مەزمۇنىدىن تولۇق خەۋەردار قىلىش مەقسىدىدە « ئۇچقۇن گېزىتى » نىڭ ئالاھىدە سانىنى تەسىس قىلىپ، مەزكۇر ماقالىنىڭ تولۇق تېكىستىنى دىققىتىڭلارغا سۇندۇق. ۋەتەنداشلىرىمىزنىڭ تەنقىدى - پىكىر بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ( تەپسىلى مەزمۇنى 2 - بەتتە )

## خىتاي ھۆكۈمىتى ئىلى رايونىغا كەڭ كۆلەمدە خىتاي كۆچمىنى يۆتكەشكە ھازىرلانماقتا

مۇخبىرىمىز تۇمۇر چوققىنىڭ ۋەتەندىن بىۋاستە يوللىغان ئاخباراتىغا ئاساسلانغاندا، ئۆۋەتتە خىتاي ھۆكۈمىتى ئىلى رايونىغا يېقىن مۇددەت ئىچىدە 2 مىليون خىتاي كۆچمىنى يۆتكەش پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن جىددى ھەرىكەتكە ئۆتكەن.

خىتاي ھۆكۈمىتى بىرتەرەپتىن ئىلى رايونىدا ئۇيغۇرلارنى تۈركۈم - تۈركۈملەپ تۈرلۈك ئىبغىر قاماق جازالىرىغا ھۆكۈم قىلىش، دىنىي ساھەگە قاراتقان چەكلەش تەدبىرلىرىنى كۈچەيتىش ... قاتارلىق ۋاستىلار ئارقىلىق يەرلىك خەلقنىڭ مىللى، دىنىي تۇيغۇلىرىنى يوقۇتۇشقا ۋە بۇنارقىلىق كۆچمەن يۆتكەش پىلانى ئۈچۈن سىياسى زىمىن ھازىرلاشقا ئورۇنسا، يەنەبىر جەھەتتىن ئىلى رايونىدا كەڭ كۆلەمدە ئاساسى قۇرۇلۇش ئەسلىھەلىرىنى باشلاپ، خىتاي كۆچمەنلىرى ئۈچۈن ماددى جەھەتتە ئەۋزەل شەرت - شارائىت ھازىرلاشقا تىرىشقان.

خەۋەرلەرگە قارىغاندا، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ كەڭ كۆلەمدە خىتاي كۆچمىنى يۆتكەش پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ بارىدىغان ئاساسى قۇرۇلۇشى تۆۋەندىكى 3 ئۇقتىغا مەركەزلەشكەن:

بىرىنچىدىن، خىتايلار توپلۇشۇپ ئولتۇراقلاشقان كۈيتۇڭ شەھرىدىن سايرام كۆلىگىچە يۇقۇرى سۈرئەتلىك تاشيول ياساپ چىقىش ۋە بۇ يولنىڭ بويىدىكى مەنزىرىسى گۈزەل مۇنبەت يەرلەرگە 500 مىڭ ئەتراپىدا خىتاي كۆچمىنى يەرلەشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇش:

ئىككىنچىدىن، جىڭدىن قورغاس ئىبغىزىغىچە تۆمۈريول ياساپ چىقىش:

ئۈچۈنچىدىن، تېكەس دەرياسىنىڭ يۇقۇرى ئېقىمىنى بوغۇپ، چاپچال ناھىيە تەۋەسىدىكى جاغىستاي، قوغۇنچى، قاينۇق، چوڭ بۇغرا، كىچىك بۇغرا قاتارلىق يېزا - قىشلاقلار تەۋەسىدىكى 10 مىليون مودىن ئارتۇق بوز يەرگە سۇ باشلاپ، بۇيەرلەرنى مۇنبەت تېرىلغۇ يەرگە ئايلاندۇرۇش ۋە ئىلى رايونىغا يۆتكەش پىلانلانغان 2 مىليون ئەتراپىدىكى خىتاي كۆچمىنىنىڭ ئاساسلىق قىسمىنى مۇشۇ جايلارغا ئورۇنلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت.

## ئىلى ۋىلايىتىدە 148 مەسجىت تاقىۋېتىلدى

ئۆز مۇخبىرىمىز تۇمۇر چوققىنىڭ ۋەتەندىن بىۋاستە يوللىغان مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، خىتاي ھۆكۈمىتى ئىلى ۋىلايىتىدە دىنىي ئېتىقاتنى چەكلەش تەدبىرلىرىنى يولغا قويۇش جەريانىدا، مەزكۇر ۋىلايەتتە مەۋجۇت بولغان 510 ئۇيغۇر مەسجىتىنىڭ 148 ئىنى مەجبۇرى تاقاپ ېچەتلۋەتكەن. ئۇندىن باشقا يەنە خىتاي ھۆكۈمىتى ھەر جۈمە كۈنى ۋە ھېيتلاردا مەسجىتلەرگە ئاشكارە ھالدا 2 نەپەر پايلاقچىنى ئەۋەتىپ، جەسجىتكە كەلگەن جامائەتنىڭ گەپ - سۆزىنى ۋە يۈرۈش - تۇرۇشىنى نازارەت قىلغان. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ دىنىي ساھەگە قاراتقان چېكىدىن ئاشقان بۇ قىلمىشى ئىلى خەلقىنىڭ قاتتىق غەزەپ - نەپرىتىنى قوزغىغان.

## « ئۇغرىنىڭ يۈرىگى پوك - پوك ! »

مۇستەبىت خىتاي ھاكىمىيتىنىڭ غۇلجىدا ئېلىپ بارغان ۋەھشى قىرغىنچىلىقىنىڭ 3 - يىللىقى ھارپىسىدا غۇلجىدىكى خىتاي دائىرلىرى پۈتى كۆيگەن توخۇدەك ئولتۇرالماي قالغان، بولۇپمۇ « 5 - فېۋرال » قىرغىنچىلىقىنىڭ خىتاينىڭ چاغان بايرىمىغا توغرا كېلىپ قالغانلىقى، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بېشىنى قاتۇرغان. بۇكۈنى بىرەر ۋەقە چىقىپ قېلىشىدىن ئەنسىرگەن خىتاي دائىرلىرى، غۇلجا شەھرىدىكى بارلىق ساقچى - ژاندارمىلارغا ۋە ئۆتكەن يىلى غۇلجا شەھرىگە يۆتكەپ كېلىنگەن « ئازاتلىق ئارمىيە 5660 - دېۋىزىيەسى » گە بىرىنچى دەرىجىلىك ئۇرۇش تەييارلىقى ھالىتىدە تۇرۇش ھەققىدە ئالاھىدە بۇيرۇق چۈشۈرگەن. بۇنىڭغىمۇ خاتىرجەم بولالمىغان خىتاي دائىرلىرى، كوچىستە تۇرۇشلۇق 5661 - ھەربى قىسمىنى ۋاقىتلىق يۆتكەپ كېلىپ غۇلجا شەھرىنىڭ ئەتراپىغا ئورۇنلاشتۇرغان.

غۇلجىدىن كەلگەن خەۋەرلەرگە قارىغاندا، « 5 - فېۋرال » كۈنى خىتاينىڭ تولۇق قوراللانغان ساقچى ۋە ژاندارمىلىرى ماشىنا ۋە موتوسىكىلىتلار بىلەن كوچىمۇ - كوچا ئايلىنىپ چارلاش ئېلىپ بېرىپ، يەرلىك خەلققە ھەيۋە كۆرسۈتۈشكە تىرىشقان.


« شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نەشر قىلدى

( بېشى 4 - بەتتە ) ئۇز خەلقىدىن ئايرىپ، ئەسكى جۇۋىنى تاشلىغاندەك چۆرۈپ تاشلىۋەتكەنلىكىنى چۈشۈنۈپ يەتكەن، شۇڭا ئۇلار پەيدىن - پەي جامائەتكە يۈزلىنىپ، ئۆز خەلقى بىلەن قايتىدىن پۈتۈنلىشىشنىڭ كويىغا چۈشكەن.

ئىككىنچىدىن، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەممىلا رايونلىرىدا ئەۋج ئېلىۋاتقان مىللىي مۇناپىقلارغا ۋە مىللىي ساتقۇنلارغا زەربە بېرىش ۋە ئۇلارنى يېتىم قالدۇرۇش ھەرىكەتلىرىمۇ، يۇقارقىدەك پېشقەدەم كوممۇنىستلارنى ھەق يولنى تاللاشقا ۋە ئۆز خەلقى بىلەن پۈتۈنلىشىشكە مەجبۇر قىلىۋاتقان ئاساسلىق ئامىللارنىڭ بىرى ئىدى. چۈنكى كېيىنكى مەزگىللەردە شەرقىي تۈركىستاندا ئۆز خەلقىغە قىلمىغان ئەسكىلىكلىرى قالمىغان ۋە ئۇرغۇنلىغان بىگۇناھ ئۇيغۇرلارنىڭ ئېچىنىشلىق ھالدا ئۆلۈپ كېتىشىگە، تۈرمىلەرگە تاشلىنىشىغا ۋە ئائىلىسىنىڭ خانىۋەيران بولۇپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولۇۋاتقان ئەشەددىي مىللىي ساتقۇنلارغا مەخسۇس زەربە بېرىدىغان كۆپلىگەن يوشۇرۇن قوراللىق گۇرۇپپىلار قۇرۇلغان ئىدى. مەسىلەن، 1996 - يىلى 5 - ئاينىڭ 12 - كۈنى سەھەردە ئاتالمىش « ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش » نىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋە قەشقەر ھېيتگاھ مەسچىتىنىڭ ئىمامى ھارۇنخان ھاجى قەشقەردە بىر گۇرۇپ ئۇيغۇر ياشىنىڭ تۇيۇقسىز زەربىسىگە ئۇچرىدى. ئەينى چاغدا خىتاي مەتبۇئاتلىرىدا ھارۇنخان ھاجىنىڭ 21 يېرىگە پىچاق تىقىلغانلىقى، ئەمما جىددىي قۇتقۇزۇش ئارقىلىق ھاياتىنىڭ ساقلاپ قېلىنغانلىقى خەۋەر قىلىنغان ئىدى. بۇ ۋەقە ئەينى چاغدا پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاننى زىل - زىلىگە سالغان ئىدى. ھارۇنخان ھاجىمنىڭ ھېيتگاھ مەسچىتىدە جامائەتكە كومپارتىيەنىڭ سىياسىتىنى، پىلانلىق تۇغۇتنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى تەشۋىق قىلغانلىقى، خىتاي ھاكىمىيتى بىلەن بىرلىشىپ قەشقەردىكى دىنىي ئۆلىمالارغا زىيانكەشلىك قىلغانلىقى، بۇ بىر گۇرۇپ ئۇيغۇر ياشىنىڭ ئالدى بىلەن ئۇنى زەربە بېرىش نىشانى قىلىپ تاللىشىغا سەۋەبچى بولغان ئىدى. يەنە شۇيىلى 5 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا شىڭخا ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ھاكىم قارى ھاجى بىر گۇرۇپ قوراللىق ئۇيغۇر تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى، بۇنىڭمۇ قىلمىش - ئەتمىشلىرى ھارۇنخان ھاجىنىڭكىگە ئوخشىشىپ كېتەتتى. بۇخىل زەربە بېرىش ھەرىكەتلىرى تاكى ھازىرغا قەدەر ئىزچىل ھالدا داۋاملىشىپ كەلدى ۋە بۇ جەرياندا يەرلىك خەلق تەرىپىدىن « ئەڭ ئەشەددىي مىللىي مۇناپىق » دەپ قارالغان ۋە سىيسق ناملىرى ھەممە يەرگە پۇر كەتكەن كۆپلىگەن كەسپىي ۋە ئىستىن سىرتقى جاسۇسلار مىللىي مۇجاھىدلىرىمىز تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى.

## 13. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قىزىلپاچاقلارغا قاراتقان 6 خىل جازالاش تەدبىرى

شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەرقايسى رايونلىرىدىكى يەرلىك خەلق مىللىي مۇناپىقلارغا قارىتا بەزى چەكلەش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، ئۇلارنى ئامما ئىچىدە يېتىم قالدۇرۇپ، روھىي جەھەتتىن قاتتىق زەربە بېرىش تاكتىكىسىنى قوللىنىپ كەلدى. مەسىلەن، خىتايچە « خوتەن گېزىتى » نىڭ 99 - يىلى 9 - ئاينىڭ 18 - كۈندىكى سانىدا ئېلان قىلىنغان بىرپارچە سىياسىي مۇلاھىزىدە، « مىللىي بۆلگۈنچىلەر پارتىيىۋىلىك كادىرلىرىمىزغا قارىتا، « كۆرگەندە سالام بەرمەسلىك، ھېيت - بايراملاردا پەتە قىلىپ بارماسلىق، ئاغرىپ قالسا يوقلىماسلىق، قىيىنچىلىققا ئۇچرىسا ياردەم قىلماسلىق، قۇدا - باجا بولماسلىق، ئۆلسە نامىزىنى چۈشۈرمەسلىكتىن ئىبارەت 6 خىل ۋاستىنى قوللىنىۋاتىدۇ » دەپ بايان قىلىنغان ئىدى. پاراسەتلىك ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۇ 6 خىل ۋاستىسىنىڭ شەقىقەتەنمۇ شەرقىي تۈركىستان مىقياسىدا ئۆز كۈچىنى كۆرسەتكەنلىكى، بىچارە ۋاڭ لېچۈەننىڭ يۇقۇرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەن « پارتىيىۋىلىك كادىرلىرىمىزنى روھىي جەھەتتە مەسجىتلەرگە مۇھتاج ھالغا چۈشۈرۈپ قويماسلىقىمىز كېرەك » دىگەن بىرجۈملە سۆزىنىڭ ئۆزىدىنلا تولۇق مەلۇم بولۇپ تۇرماقتا.

ۋاڭ لېچۈەن خوتەندە قىلغان مەخپىي سۆزىدە يەنە، كومپارتىيەنى دەپ جىنىدىن ئايرىلىپ قالغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئىنىلە - تاۋاباتلىرىغا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىش ۋە بۇ ئارقىلىق تېخىمۇ كۆپلىگەن ئۇيغۇرلارنىڭ كومپارتىيە ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ھەققىدىمۇ ئالاھىدە توختۇلۇپ ئەينەن مۇنداق دىگەن:

« ئىنقىلاۋى قۇربانلىرىمىزغا، بولۇپمۇ بۇ يىللاردىن بۇيان مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ زوراۋانلىق، تېرورىستلىك ھەرىكەتلىرىگە قارشى تۇرۇش جەريانىدا قۇربان بولغان قەھرىمانلىرىمىزنىڭ ئائىلە - تاۋاباتلىرىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشىمىز ۋە ئۇلارنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرىشىمىز كېرەك، بىرقېتىم داغدۇغىلۇق دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ كۆمۈپ قويۇش بىلەنلا كۇپايە قىلماي، ئۇلارغا ئاخىرغىچە ئىگە چىقىشىمىز كېرەك. دۆلەتكە تۆھپە قوشقان كادىرلىرىمىزنى، بولۇپمۇ ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىمىزنى ئالاھىدە ئىمتىيازدىن بەھرىمان قىلىشىمىز، ئۇلارنىڭ بالا - چاقىسىغا ۋە ئۇلارنىڭ ئاخىرقى ئۆمرىگە كۆڭۈل بۆلۈشىمىز لازىم. بۇ ئارقىلىق بىز كىشىلەرنى، كومپارتىيەگە ئەگىشىپ خاتا قىلماپتۇق، كومپارتىيە ئىشەنچلىك ئىكەن، ساڭا ئاخىرغىچە ئىگە بولىدىكەن، ئىش قىلىپ بەرگەن چېغىڭدا سېنى قوللايدىكەن، ئىش قىلمىغان چېغىڭدىمۇ ساڭا كۆڭۈل بۆلىدىكەن، دىگەن تونۇشقا ئەكېلىشىمىز لازىم ».

ھۆرمەتلىك ۋەتەنداشلار، خۇددى ۋاڭ لېچۈەننىڭ يۇقۇرىدا بايان قىلغىنىدەك، كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمىتى ئۆزلىرىنىڭ سادىق قۇللىرىغا جاسارەت بېرىش ۋە ئۇلارنىڭ ئىتائەتمەنلىكىنى مەڭگۈ قوغداپ قېلىش مەقسىدىدە، يېقىنقى مەزگىللەردىن بۇيان ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتكەن بۇخىل كىشىلەرنى ناھايىتى زور مىقداردا نەق پۇل بىلەن مۇكاپاتلاش، ئۆلگەنلىرى ئۈچۈن ناھايىتى ھەشەمەتلىك دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ كەلگەن ئىدى. مەسىلەن، ئۆتكەن يىلى 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنى خىتاي ھۆكۈمىتى خوتەن شەھرىدە تارىختا ھېچ كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدە ھەشەمەتلىك دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ، ئۇندىن بىركۈن بۇرۇن خوتەن مېھمانخانىسىنىڭ ئائىلىلىكلەر قورۇسىدا يۈزبەرگەن قوراللىق توقۇنۇشتا، خوتەندىكى قارشىلىق كۆرسۈتۈش كۈچلىرىنىڭ رەھبىرى كۆرەش تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن ئۇيغۇر ساقچى تۇرسۇن توختىنى ئۇ دۇنياغا ئۇزۇتۇپ قويغان ئىدى. تېخىمۇ كۈلكىلىك يېرى شۇكى، خىتاي ھۆكۈمىتى تۇرسۇن توختىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ تەلىۋىگە ئاساسەن ئۇنىڭ جەسىدىنى خوتەندىكى 100 دىن ئارتۇق ئەمەلدارنىڭ ھەمراھلىقىدا خوتەندىكى « ئىتتىپاق مەسجىدى » گە ئېلىپ كېلىپ نامىزىنى چۈشۈرۈشكە مەجبۇر بولغان ئىدى. دىمەك، خىتاينىڭ بىر سادىق ساقچىسىنىڭ جەسىدىمۇ چۆگىلەپ كېلىپ ئاخىرقى ھېساپتا يەنىلا ئۇيغۇرنىڭ مەسچىدىنى تاپقان ئىدى: ئۇندىن باشقا يەنە ئۆتكەن يىلى 11 - ئاينىڭ 22 - كۈنى كېچىدە خوتەننىڭ يېڭىئاۋات يېزىسىدىكى سادىق كومپارتىيە ئەزاسى ئىمىن دىمىن، خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئۆتۈش بۇيرۇقى چۈشۈرۈلگەن بىر مۇجاھىدنى خىتايغا تۇتۇپ بېرىمەن دەپ جېنىدىن ئايرىلىپ قالغىلى تاس قالغان ۋە ئېغىر يارىلىنىپ دوختۇرخانىدا سەكراتتا يېتىپ قالغان ئىدى، ئۇمۇ خىتاي خوجايىنلىرىنىڭ ئالاھىدە ئىلتىپاتىغا ئېرىشىپ، خىتاي مەتبۇئاتلىرىدا ماختاپ كۆككە كۆتۈرۈلگەن ۋە ئۇرغۇن نەق پۇل بىلەن مۇكاپاتلىنغان ئىدى، ئەملىيەتتە بولسا خىتاي ھاكىمىيتى بۇ بىچارىنى ماختايمىز دەپ تېخىمۇ سېسىتىۋەتتى ۋە تالا - تۈزگە چىقالمايدىغان ھالغا ئەكىلىپ قويدى.

گەرچە خىتاي ھۆكۈمىتى ئۆتكەن يىلى 8 - ئايدىن بۇيان خوتەن رايونىدا يۇقارقىدەك ئۇسۇللار بىلەن ناھايىتى زور تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئەمما خىتاي مەتبۇئاتلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، 1 مىليون 460 مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇر ياشايدىغان خوتەن دىيارىدا خىتاي ھاكىمىيتى ئۈچۈن جېنىنى ساتقان ئۇيغۇردىن ئاران 2 - 3 كىشى چىققان! ئەلۋەتتىكى بۇ، خوتەن خەلقىنىڭ بۇخىل كىشىلەرگە قاراتقان « كۆرگەندە سالام بەرمەسلىك، ھېيت - بايراملاردا پەتە قىلىپ بارماسلىق، ئاغرىپ قالسا يوقلىماسلىق، قىيىنچىلىققا ئۇچرىسا ياردەم قىلماسلىق، قۇدا - باجا بولماسلىق، ئۆلسە نامىزىنى چۈشۈرمەسلىك » دىگەن 6 خىل پىرىنسىپىنىڭ ئېلىپ كەلگەن ئۈنۈمىدىن ئىبارەت، خالاس!

## 14. مىللىي قەھرىمان كۆرەش - ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەلبىدە ياشىماقتا

شەرقىي تۈركىستاندا كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيتى تەرىپىدىن « دۈشمەن » دەپ ئېلان قىلىنغان مىللىي مۇجاھىتلىرىمىزنىڭ ھەممىسىنىڭ يەرلىك خەلق تەرىپىدىن « مىللىي قەھرىمان » دەپ قارالغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ خىتاي ھاكىمىيتىگە قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىنىڭ ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدە تىللاردا داستان بولۇپ كەلگەنلىكى، مۇستەبىت خىتاي ھاكىمىيتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا قاتتىق داۋالغۇچقا دۇچ كەلگەنلىكىنى ۋە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىدىئولوگىيە جەھەتتە خىتايغا قارشى ئومۇمىي يۈزلۈك بىرلەشكەنلىكىنى كۆرسۈتۈپ تۇرماقتا.

ئاتالمىش « ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم » نىڭ سېكرىتارى ۋاڭ لېچۈەن خوتەندە قىلغان مەخپىي دوكلاتىنىڭ 13 - قىسمىدا، خوتەندىكى مىللىي مۇجاھىتلىرىمىزنىڭ رەھبىرى مەرھۇم كۆرەشنى يەرلىك خەلقنىڭ « بىزنىڭ ياخشى قېرىندىشىمىز ۋە مىللىي قەھرىمانىمىز » دەپ تەرىپلەپ كېلىۋاتقانلىقىنى، شۇڭا بارلىق چارىلەرنى قوللىنىپ، خەلقنىڭ قەلبىدىكى كۆرەشنى ھەققىي يوسۇندا ئېتىپ ئۆلتۈرۈش كېرەكلىكىنى بايان قىلغان. ۋاڭ لېچۈەن بۇ ھەقتە توختۇلۇپ ئەينەن مۇنداق دىگەن: « دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكىگە زىيان سېلىپ بۆلگۈنچىلىك قىلىۋاتقان ئاشۇ يامان كىشىلەرنى باش كۆتۈرۈپ چىققان ھامان يوقۇتۇشىمىز ھەمدە مەڭگۈ باش كۆتۈرۈپ چىقالمايدىغان قىلىۋېتىشىمىز لازىم، بىز كۆرەش گۇرۇھىنى پاش قىلىش ئارقىلىق، ئاخىرقى ھېساپتا بۇ گۇرۇھنىڭ جىنايى قىلمىشلىرىنى بېكىتىپ چىقتۇق، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى كۆرەشنىڭ جىنايى قىلمىشلىرى دەپ ئېيتالايمىز، جىنايى ئىشلار قانۇنى بويىچە ئېيتقاندا ئۇ باش جىنايەتچىدىن ئىبارەت، گەرچە بەزى ئىشلارنى ئۇ ئۆز قولى بىلەن قىلمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ جىنايەتنىڭ ۋە بالا - قازانىڭ بېشى ھېساپلىنىدۇ، شۇڭا ئۇنى ياخشى پاش قىلىشىمىز، ياخشى كۆرەش قىلىشىمىز ۋە ئۇنى كۆرەش قىلىپ سېسىتىشىمىز لازىم. ھازىر يەنە بەزى كىشىلەر كۆرەشنى « ياخشى قېرىندىشىمىز، مىللىي قەھرىمانىمىز » دەۋاتىدۇ، شۇڭا ئۇنى كۆرەش قىلىپ سېسىتمىساق بولمايدۇ، بىز ھەرگىزمۇ « ئۇنى ئېتىپ ئۆلتەردۇق، ھەممە ئىش تۈگىدى » دەپ قارىماسلىقىمىز لازىم. بىز ئۇنىڭ جىنايى قىلمىشلىرىنى ياخشى رەتلەپ چىقىپ، ئۇنى خەلقنىڭ قەلبىدە ھەقىقىي يوسۇندا ئېتىپ ئۆلتۈرۈشىمىز كېرەك! ».

ھۆرمەتلىك ۋەتەنداشلار، ۋاڭ لېچۈەننىڭ يۇقارقى سۆزلىرىدىن بىز، كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيتىنىڭ رەھىمسىز ۋە ياۋۇز قىياپىتىنى تېخىمۇ ئوچۇق كۆرۈۋالايمىز. مىللىي قەھرىمانىمىز كۆرەشنى ۋەھشىلەرچە شېھىت قىلىپ پۇغانى چىقمىغان خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى، ئەمدىلىكتە بولسا ئۇنىڭ پاك نامىنى سېسىتىش ۋە ئۇنىڭ خوتەن خەلقىنىڭ قەلبىگە چوڭقۇر يىلتىز تارتقان روھىنى ئۆلتۈرۈشنىڭ پېيىگە چۈشكەن. ئەمما خىتاي ھۆكۈمىتى ساپ ئالتۇننى ھېچبىر ئەرسىنىڭ چىرىتالمايدىغانلىقىنى ۋە ئىنسانلارنىڭ قەلبىدە يىلتىز تارتقان بىرنى ھېچبىر كۈچنىڭ يوقۇتالمايدىغانلىقىنى

( داۋامى 6 - بەتتە )

« خىتاي سودىگەرلىرى گېزىتى » نىڭ خەۋەرىگە ئاساسلانغاندا، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ 1997 - يىلى روسىيەگە زاكاس قىلغان چوڭ تىپتىكى ئىككى ئۇرۇش پاراخودىنىڭ بىرىنى روسىيە يېقىندا خىتايغا تاپشۇرغان، يەنە بىرىنى روسىيە بۇ يىلنىڭ ئاخىرىغىچە خىتايغا تاپشۇرۇپ بولىدىكەن. خەۋەرلەرگە قارىغاندا بۇ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان خىتاي بىلەن روسىيە ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان ئەڭ چوڭ قورال - ياراق سودىسى بولۇپ، پەقەت مۇشۇ ئىككى پاراخوتنىڭ سودا قىممىتىلا بىر مىليارت دوللارغا يېتىدىكەن.

« خىتاي سودىگەرلىرى گېزىتى » نىڭ خەۋەرىگە ئاساسلانغاندا، ئامېرىكا پىرېزىدېنتى كېلىنتون يېقىندا ئامېرىكىدىكى بىر تېلېۋىزىيە پوروگراممىسىدا قىلغان سۆزىدە، خىتاينىڭ ئوپوسىنىڭ ئامېرىكىدىن كۆپ بولغاچقا، كېلەر ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدا خىتاينىڭ ئىقتىسادى تەرەققىياتىنىڭ ئامېرىكىدىن ئېشىپ كېتىدىغانلىقىنى بايان قىلغان.

كۆپ يىللاردىن بۇيان ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرب ئەللىرى خىتايىنى پەقەت ھەربى جەھەتتىلا ئەمەس، بەلكى ئىقتىسادى جەھەتتىمۇ كەلگۈسىدە ئۆزلىرى ئۈچۈن ئىنتايىن زور دەھدىت، دەپ قاراپ كەلگەن ئىدى، كېلىنتوننىڭ يۇقارقى بايانلىرىدىنمۇ بۇخىل ئەندىشە سېزىلمەكتە. شۇڭا غەرب ئەللىرى، « قۇدرەتلىك بىر خىتاي بىلەن ئالاقە قىلغاندىن كۆرە، ئۇنى 10 نەچچىگە پارچىلاپ، كىچىك - كىچىك خىتاي دۆلەتلىرى بىلەن ئالاقە قىلغان تېخىمۇ پايدىلىق » دەپ قارىماقتا.

« خىتاي سودىگەرلىرى گېزىتى » نىڭ خەۋەرىگە ئاساسلانغاندا، يېقىندا خىتاينىڭ گۇاڭشى جۇاڭزۇ ئاپتونوم رايونلۇق ئالى خەلق سوت مەھكىمىسى قارار چىقىرىپ، مەزكۇر ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى شۇلياڭ سوكىنى، « پارىخور » دىگەن جىنايەت بىلەن مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىپ، سىياسى ھوقوقىدىن ئۆمۈرۋايەت مەھرۇم قالدۇرغان ھەمدە ئۇنىڭ بارلىق مال - مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىش بىلەن بىرگە يەنە ئۇنىڭغا 100 مىڭ يۈەن جازا كەسكەن.




يېقىندا داۋ چۈندەي ئىسىملىك بىر خىتاي بېيجىڭ شەھەر مەركىزىدە « دۆنەر كاۋاپ » دۇكىنى ئېچىۋالدى. خەۋەرلەرگە قارىغاندا بۇ خىتاي ئۆتكەندە گېرمانىيەگە ساياھەتكە كەلگەندە بىر تۈركنىڭ دۆنەرخانىسىدا دۆنەر يېگەن ۋە دۆنەر كاۋاپىنىڭ تەمى بۇ خىتايغا ناھايىتى ئېتىپ كەتكەن. ئۇ ساياھىتىنى تۈگىتىپ بېيجىڭغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن، دەرھال شەھەر مەركىزىدە دۆنەرخانا ئاچقان.

ئەمما كۈلكىلىك يېرى شۇكى، بۇخىتاي دۆنەر كاۋاپىنىڭ تۈركلەرگە ئائىت ئىكەنلىكىنى بىلمىگەچكە، دۇكىنىنىڭ ۋىۋىسكىسىنىڭ ئۈستى تەرىپىگە تۈركچە « دۆنەر كاۋاپ » دىگەن خەتنى يېزىپ، ئاستىغا خىتايچە « گېرمانىيەنىڭ دۆنىرى - چوڭ ھابۇرۇگ » دىگەن خەتنى يېزىپ قويغان. بۇ خىتاينىڭ مۇخبىرلارغا بايان قىلىشىچە، ئۇ بىر دۆنەرنى 5 يۈەنگە ساتىدىكەن ۋە خېرىدارى ناھايىتى كۆپ ئىكەن.

يېقىندا، دۇنيادا 220 مىڭدىن ئارتۇق ئەزاسى بولغان ياۋروپادىكى ئەڭ چوڭ ئىسلام تەشكىلاتى - « مىللى كۆرۈش » نىڭ باش كاتىۋى دوكتور مەمەت سەبرى ئەرباكان ۋە مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ ئىجرائىيە ھەيئەتلىرىدىن ئالى قىزىلكايا، رەجەپ چىنار قاتارلىقلار مەركىزى ئورگىنى گېرمانىيەنىڭ مىيونخىن شەھرىدىكى « شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نى زىيارەت قىلىپ، مەركەز رەئىسى ئابدۇجېلىل قاراقاش قاتارلىقلار بىلەن شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى ھەققىدە تەپسىلى سۆھبەت ئۆتكۈزدى، سۆھبەتكە، « شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللى قۇرۇلتىيى » نىڭ رەئىسى ئەنۋەرجان، « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى » نىڭ رەئىسى ۋە مىللى قۇرۇلتاينىڭ باش كاتىۋى ئەسقەرجان، مىللى قۇرۇلتاي ئىچكى ئىشلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ئابلىمىت تۇرسۇن، تەشۋىقات - تەتقىقات باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ۋە « ئۇچقۇن » گېزىتىنىڭ باش تەھرىرى پەرھات مۇھەممىدى، قۇرۇلتاي دىنى ئىشلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقى تۇرغۇنجان ئالاۋۇدۇن قاتارلىقلارمۇ ئىشتىراك قىلدى. كۆرۈشۈشتىن كېيىن ئىككى تەرەپ مەسئۇللىرى خاتىرە ئۈچۈن سۈرەتكە چۈشتى.






ھەرقايسى دەۋرلەردىكى مۇستەملىكىچىلەرنىڭ تۈرمىسىدە جەمئى 43 يىل ياتقان مەشھۇر ئۇيغۇر ئۆلىما ئابدۇل ئەزىز مەخسۇمنىڭ ئاخىرقى ھايات كۆرۈنۈشى. خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى تەرىپىن « ئۆلگىچە ئۆزگەرمەيدىغان ئەشەددى ئۇنسۇر » دەپ قارالغان ئابدۇل ئەزىز مەخسۇم، 1982 - يىلى تۈرمىچىدە غەلىتە « پويىز ۋەقەسى » بىلەن ھاياتىدىن ئايرىلدى. ئۇ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا مۇستەملىكىچىلەرنىڭ تۈرمىسىدە ئەڭ ئۇزۇن ياتقان شەخس بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

گېزىتنىڭ قۇرغۇچىسى ۋە ساھىبى:
ئابدۇجېلىل قاراقاش
گېزىت مەسئۇلى ۋە باش تەھرىر:
پەرھات مۇھەممىدى
كومپيۇتۇرغا ئالغۇچى:
ئارزىگۈل ھامۇت
مونتاژ: نەبى مىجىت

تۈركچە ئۇسخىسىنىڭ تەھرىرى:
دوكتۇر ئەركىن ئەمەت
ئەرەبچە ئۇسخىسىنىڭ تەھرىرى: تۇرغۇنجان ئالاۋۇدۇن
خىتايچە ئۇسخىسىنىڭ تەھرىرى: ئۇيغۇر قىزى
لاتىنچە ئۇسخىسىنىڭ تەھرىرى:
مۇنىرە يۇنۇس
كىرىلچە ئۇسخىسىنىڭ تەھرىرى:
نادىرە ئىلھام

تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى:
ھاجى ياقۇپ ( تۈركىيە )
ئابلىكىم باقى ( تۈركىيە )
سدىقھاجى روزى (ئامېرىكا )
لەخمەت ئىگەمبەردى ( ئاۋۇستىرالىيە )
سىيىتجان قەيسەر ( ئۆزبېكىستان )
توختاخۇن لەركىن (سەئۇدى ئەرەبىستان )
ئەنۋەرجان ( گېرمانىيە )
قەھرىمان غۇجامبەردى ( قازاقىستان )

ياردەم بېرىشنى خالىغان ۋەتەنداشلىرىمىز ئۈچۈن بانكا ھېساپ ئۇمۇرىمىز:
Uygurischer Verein.e.V
Konto: 907227110
BLZ: 70150000
Bank:
Stad sparkasse
Muenchen - Germany

E.T.I.C.
Lindwurmstr 99
80337 München
Germany

Internet:www.uygur.net
E-mail: etic@uygur.com
Tel: 0049-89-54 40 47 72
Fax: 0049-89-54 45 63 30

« شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نەشر قىلدى

# ئۇچقۇن

يىگىردە، سۆزدە، ئىشتە بىرلىك

2000 - يىلى 2 - ئاي
39 - سان
گېرمانىيىدە نەشر قىلىندى
EasternTurkistan
Information Center

ھەپتىلىك سىياسىي - ئىلمىي گېزىت
گېزىتىمىز 1999 - يىلى 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن ئېتىبارەن نەشر قىلىنماقتا


## ئامېرىكا پارلامېنتى خىتاي ھۆكۈمىتىدىن رابىيە قادىرنى قويۇپ بېرىشنى رەسمىي تەلەپ قىلىش ھەققىدىكى قارار لايىھەسىنى ماقۇللىدى

بۈيىل 2 - فېۋرال كۈنى ئامېرىكا پارلامېنتى، خىتاي ھۆكۈمىتىدىن مەشھۇر ئۇيغۇر تىجارەتچى رابىيە قادىرنى، ئۇنىڭ ئائىلىسىنى ۋە ياردەمچىلىرىنى قويۇپ بېرىشنى رەسمىي تەلەپ قىلىش ھەققىدە قارار ئالدى. خىتاي ھۆكۈمىتىدىن رابىيە قادىرنى قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىش ھەققىدىكى تەكلىپ لايىھەسى ئامېرىكا پارلامېنت ئەزاسى ۋېللىستونې تەرىپىدىن ھازىرلىنىپ پارلامېنت يىغىنىغا سۇنۇلغانىدى، مەزكۇر تەكلىپ لايىھەسى پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ ماقۇللىقىدىن ئۆتۈپ رەسمىي قارارلاشتى، بۇ، دىپلوماتىيە جەھەتتە خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇچۇن ئىنتايىن چوڭ زەربە بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

ئامېرىكا پارلامېنتىنىڭ رابىيە قادىر ھەققىدە چىقارغان قارارنامىسىدا ئەينەن مۇنداق دېيىلگەن:

پارلامېنت رابىيە قادىر، ئۇنىڭ ئائىلىسى ۋە تىجارەت ياردەمچىلىرى جۇڭخۋا خەلق جۇمھۇرىيىتى تەرىپىدىن قويۇپ بېرىلىشى كېرەك دەپ قارايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

جۇڭگو شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر ئازسانلىق مىللىتى داۋاملىق ھالدا ئېزىلىۋاتىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ خەلقئارادا ئېتىراپ قىلىنغان پىكىر قىلىش، يىغىلىش ئۆتكۈزۈش ھەم ئېتىقات ئەركىنلىكلىرى دەپسەندە قىلىنىۋاتىدۇ؛

1999 - يىلى 11 - ئاۋغۇستتا جۇڭخۋا خەلق جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى ئامېرىكىدا تونۇلغان، كۆزگە كۆرۈنگەن ۋە يۈز - ئابرۇيلۇق ئۇيغۇر تىجارەتچى رابىيە قادىرنى خالىغانچە سولاققا ئالغان؛

1993 - يىلدىن 1998 - يىلغىچە رابىيە خانىم شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق سىياسىي كېڭەشىنىڭ ئەزاسى بولغان؛

رابىيە خانىم 1995 - يىلى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ 4 - قېتىملىق خەلقئارالىق يىغىنىغا ۋەكىل بولۇپ قاتناشقان؛

ساقچىلار رابىيە خانىمنى بۇرۇنمۇ سولاققا ئالغان ۋە يورۇش - تۇرۇشىنى قاتتىق كۆزەتكەن، 1996 - يىلى ئامېرىكىغا كېلىپ سىياسىي پاناھلىق تىلىگەن يولدىشى جۇڭگو ھۆكۈمىتىنى تەنقىتلەپ ماقالە يازغانلىقتىن، « يولدىشىڭ بۆلگۈنچىلىك قىلدى » دەپ ئۇنىڭغا تەھدىت سالغان؛

1999 - يىلى 2 - سېنتەبىردە، جۇڭگو ھۆكۈمىتى دائىرلىرى رابىيە خانىمنى رەسمىي ھالدا « قانۇنسىز ھالدا دۆلەت مەخپىيەتلىكىنى چېگرىدىن چىقارغان » دەپ قارىلىغان، ئۇ ھازىر شىنجاڭنىڭ مەركىزى بولغان ئۈرۈمچىدە قاماقلىق؛

جۇڭگو بىخەتەرلىك ساقچىلىرى 1999 - يىلى ئاۋغۇستتا رابىيە خانىمنىڭ ئوغلى ئابلىكىم ئابدۇرېھىم ۋە كاتىپى قەھرىمان ئابدۇكېرىملارنى ئۇلارنىڭ جىنايى ئىشلارغا ئارىلاشقانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ھېچبىر دەلىل - ئىسپاتسىزلا ئۈرۈمچىدە خالىغانچە قولغا ئېلىپ سولاپ قويغان؛

1999 - يىلى 20 - نويابىردا ئابلىكىم ئابدۇرېھىم ھېچقانداق قارىلاش

( داۋامى 2 - بەتتە )

## ۋاڭ لېچۈەنىنىڭ خوتەندە قىلغان مەخپىي سۆزىگە باھا


پەرھات مۇھەممىدى

( « ئۇچقۇن » گېزىتىنىڭ مەسئۇلى ۋە باش تەھرىرى )


ئاپتورنىڭ ئىلاۋىسى: ھۆرمەتلىك ۋەتەنداشلار، تۆۋەندە دىققىتىڭلارغا سۇنماقچى بولغىنىمىز، مەركىزى ئورگىنى گېرمانىيەنىڭ مىيونخېن شەھىرىدىكى « شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » تەرىپىدىن قولغا چۈشۈرۈلگەن ئاتالمىش « ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم » نىڭ سېكرېتارى ۋاڭ لېچۈەنىنىڭ 12 - ئاينىڭ 17 - كۈنى خوتەندە قىلغان مەخپىي دوكلاتىغا قارىتا يېزىلغان تەنقىدى مۇلاھىزىنىڭ داۋامىدىن ( بېشى گېزىتىمىزنىڭ ئۆتكەنكى سانىدا ) ئىبارەت.

机密

王乐泉书记在和田地区稳定工作
会议上的讲话

(根据录音整理，已经本人审阅)

تۆۋەندىكى سىياسىي مۇلاھىزە سۈبىكتىپ ھېسسىياتتىن خالىي ھالدا دىيالېكتىكىلىق نۇقتىنەزەردىن بويىچە يېزىپ چىقىلدى ۋە بۇ ماقالە « ئامېرىكا ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى » دا 17 پىراگىراپ بويىچە بولۇپ ئاڭلىتىلدى. سىزلەرنى ئۇنىڭ مەزمۇنىدىن تولۇق خەۋەردار قىلىش مەقسىتىدە « ئۇچقۇن گېزىتى » نىڭ ئالاھىدە سانىنى تەسىس قىلىپ، مەزكۇر ماقالىنىڭ تولۇق تېكىستىنى دىققىتىڭلارغا سۇندۇق. ۋەتەنداشلىرىمىزنىڭ تەنقىدى - پىكىر بېرىشىنى ئۈمىت قىلىمەن. ( تەپسىلىي مەزمۇنى 2 - بەتتە )

## بايرىقىمىزنىڭ شان - شەرىپى قوغداپ قېلىندى

ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى: بۈيىل 2 - ئاينىڭ 27 - كۈنى. تۈركىيەنىڭ ئىستانبۇل شەھىرىدە پائالىيەت قىلىپ كېلىۋاتقان « شەرقىي تۈركىستان كۆچمەنلەر جەمىيىتى » تەرىپىدىن « 21 - ئەسىردە خىتاي ۋە تۈرك دۇنياسى » دېگەن تېمىدا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. بۇقېتىمقى يىغىنغا، بەزى تۈرك پارلامېنت ئەزالىرى، ئالىم ۋە پىرافېسورلار، شۇنداقلا تۈركىيەدە ئىستىقامەت قىلىۋاتقان بىرقىسىم ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئىشتىراك قىلدى. ( داۋامى 2 - بەتتە )




« شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نەشر قىلدى

( بېشى 2 - بەتتە ) ئېھتىياجى يوق، بەلكى بۇ رايونلاردا كوممۇنىستىك ئاڭ ۋە ئىدىئولوگىيەنى قوغداپ قالالايدىغان، مەركەزنىڭ بۇ رايونلارغا قاراتقان تالان - تاراج قىلىش ۋە قاتتىق بېسىم بىلەن ئىدارە قىلىش سىياسىتىنى جان دىلى بىلەن ئىجرا كەلتۈرەلەيدىغان ۋاڭ لېچۈەندەك سادىق ۋە رەھىمسىز كوممۇنىستلارغا ئېھتىياجى بار. شۇ سەۋەپتىن، ئىچكى ئۆلكىلەردە ئۆتمەس ماتاغا ئايلىنىپ قېقىلىپ - سوقۇلۇپ يۈرگەن ۋاڭ لېچۈەننىڭ، شەرقىي تۈركىستانغا كېلىشى بىلەنلا ئارقا - ئارقىدىن بېشىغا « بەخىت قۇشى » قونۇپ، مەنسۆى تېز سۈرئەتتە ئۆرلەشكە باشلىغان. ئۇ، مۇئاۋىن رەئىسلىكتىن « ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم » نىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزالىقىغا، پارتكومنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارلىقىغا ئۆستۈرۈلگەن. 1995 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا ئەينى چاغدىكى « ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم » نىڭ سېكرېتارى سوڭ خەنلياڭ بىلىنمىگەن بەزى غەيرى سىياسىي سەۋەپلەر بىلەن مەركەز تەرىپىدىن يۆتكەپ كېتىلىپ ئورنى بوش قالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا ۋاڭ لېچۈەن بىرقانچە ئاي مۇۋاپپەق سېكرېتارلىقىغا تەيىنلەنگەن، 1995 - يىلى 12 - ئاينىڭ 27 - كۈنى خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزى كومىتېتى مەخسۇس قارار چىقىرىپ، ۋاڭ لېچۈەننى ئاتالمىش « ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم » نىڭ رەسمى سېكرېتارلىقىغا تەيىنلەش بىلەن بىرگە، خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى 14 - نۆۋەتلىك مەركىزى كومىتېتىنىڭ كاندىدات ئەزالىقىغا قوبۇل قىلدى. شەندۇڭدىكى مەزگىللىرىدە بۇقەدەر يۇقۇرى مەرتىۋىگە ئېرىشىش ۋاڭ لېچۈەننىڭ ئۇخلاپ چۈشىگىمۇ كىرىپ باقمىغان ئىدى.

## 17. خىتاي ھاكىمىيتى ۋاڭلېچۈەندەكلەرگە مۇھتاج

ۋاڭ لېچۈەننىڭ پارتكوم سېكرېتارى بولۇشىنىڭ ئالدى - كەينىدە شەرقىي تۈركىستاندا يۈزبەرگەن بىر قاتار زور سىياسىي ۋەقەلەر، خىتاي ھۆكۈمىتى ئۈچۈن ۋاڭ لېچۈەننىڭ ئايغىنىڭ ياراشمىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى. يەنى، ۋاڭ لېچۈەن « ئاپتونوم رايون » نىڭ مۇۋاپپەق سېكرېتارى بولۇش ھارپىسىدا شەرقىي تۈركىستاندا « 7 - ئىيۇن خوتەن ۋەقەسى » يۈزبەردى، 95 - يىلى 7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى نەچچە مىڭ ئۇيغۇر خوتەن ۋىلايەتلىك مەمۇرى مەھكىمە بىناسىنىڭ ئالدىدا ھۆكۈمەتكە قارشى نارازىلىق نامايىشى ئۆتكۈزدى، نەتىجىدە ۋۇقىتىمقى نامايىش قانلىق باستۇرۇلدى. ۋاڭ لېچۈەن سېكرېتارلىق ۋەزىپىسىنى رەسمى باشلىغان 96 - يىلى بولسا خىتاي ھۆكۈمىتى ئۈچۈن بالا - قازا يىلى بولدى، ئۈنجى بولۇپ شۇيىلى 2 - ئاينىڭ 13 - كۈنى كېچە سائەت 12 لەردە ئۈرۈمچىدە « 13 - فېۋرال پارتىلىتىش ۋەقەسى » يۈز بېرىپ، ئۈرۈمچى شەھرى قۇرۇلۇش كوچىسى 8 - نومۇرلۇق قوروغا جايلاشقان « شىنجاڭ ھەربى رايونى نوقۇتقۇچىلارنى يېتىشتۈرۈش مەركىزى » نىڭ بىناسى بىلەن شۇ قورادىكى ئۈرۈمچى بەخت يولى پەيچۇسىدا سائەتلىك بومبا پارتىلىدى، گەرچە بۇقېتىمقى ۋەقەدە ئۆلۈم - يېتىم بولمىغان بولسىمۇ، ماددى ۋە سىياسىي جەھەتتە خىتاي ھۆكۈمىتىگە ئىنتايىن زەر زىيان ئېلىپ كەلدى. يەنە شۇيىلى 5 - ئاينىڭ 12 - كۈنى قەشقەردە « ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش » نىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ھارۇنخان ھاجىنى قەستلەش ۋەقەسى يۈزبەردى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە 96 - يىلى شەرقىي تۈركىستاندا كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيتىگە قارشى قوراللىق مىللى ھەرىكەتلەر ئەڭ جانلانغان بىر يىل بولدى، چۈنكى بۇنىڭغا تامامەن يېڭى سېكراتار ۋاڭ لېچۈەننىڭ مەركەزدىكى خوجايىنلىرىغا بولغان ساداقەتمەنلىكىنى ئىسپاتلاش مەقسىدىدە 96 - يىلىنىڭ بېشىدىن ئېتىبارەن « قاتتىق زەربە بېرىش » ۋە « نوموملاشتۇرۇپ تۈزەش » دىگەن ئىنقاپ ئاستىدا پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان مىقياسىدا باشلىغان كوللىكتىپ تۇتقۇن قىلىش، ئۆلتۈرۈش ۋە دىنى ئېتىقاتنى يوقۇتۇش ھەرىكىتى سەۋەپچى بولغان ئىدى. بولۇپمۇ شۇ يىلى ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان « قاتتىق زەربە بېرىش » ھەرىكىتىنىڭ دائىرىسى تارىختا ھېچ كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدە زور بولدى ۋە بۇ جەرياندا كۆپلىگەن بىگۇناھ ئۇيغۇر « مىللى بۆلگۈنچى »، « قانۇنسىز دىنى ئۇنسۇر » دىگەندەك بۆھتانلار بىلەن قولغا ئېلىندى ۋە تۈرلۈك ئېغىر جازالارغا مەھكۇم قىلىندى. تەبئى ھالدا بۇ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيتىگە بولغان قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغاپلا قالماي، بەلكى تۈرلۈك شەكىللەر ئارقىلىق خىتاي ھاكىمىيتىگە قارشى ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. مەسىلەن، ئاۋۇستىرالىيەنىڭ پايتەختى سىدنېيدا چىقىدىغان خىتايچە « جۇڭگو خەۋەرلىرى گېزىتى » نىڭ، لەنجۇ ھەربى

رايونى بىلەن « شىنجاڭ ھەربى رايونى » بىرلىكتە خىتاي مەركىزى ھۆكۈمىتىگە يوللىغان، « شىنجاڭدىكى مىللى توپىلاڭلارنى باستۇرۇش ھەققىدە دوكلات » تىن نەقىل كەلتۈرۈپ خەۋەر قىلىشىچە، پەقەت شۇيىلى 4 - ئاينىڭ ئوتتۇرلىرىدىن 5 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە شەرقىي تۈركىستاندىكى 15 ۋىلايەت - ئوبلاستتا خىتاي ھاكىمىيتىگە قارشى چوڭ - كىچىك جەمئى 45 قېتىم ۋەقە يۈزبەرگەن، بۇ ھەرىكەتلەرگە قاتناشقان ئۇيغۇرلارنىڭ ئومومى سانى 65 مىڭ ئادەم قېتىمدىن ئاشقان. يەنە 5 - ئاينىڭ باشلىرىدىن يىل ئاخىرىغىچە 17 قېتىم قوراللىق توقۇنۇش، 48 قېتىم بومبا پارتلاش ۋەقەسى يۈزبەرگەن، بۇ ۋەقەلەر جەريانىدا 430 نەپەر ھۆكۈمەت خادىمى ۋە ساقچى - ئەسكەر يارىدار بولغان ۋە بەزىلىرى ئۆلگەن، 670 تىن ئارتۇق ئۇيغۇر ئۆلتۈرۈلگەن. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەشەددى كوممۇنىست ۋاڭ لېچۈەننىڭ بىۋاستە قوماندانلىقىدا ئېلىپ بېرىلغان « قاتتىق زەربە بېرىش » ھەرىكىتىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. 97 - يىلىمۇ ۋاڭ لېچۈەن جىم ياتمىدى، شۇيىلى 2 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئۇيغۇرلارنىڭ غولجا شەھرىدە ئۆتكۈزگەن تېنچلىق شەكلىدىكى نارازىلىق نامايىشى ۋاڭ لېچۈەننىڭ بىۋاستە قوماندانلىق قىلىشى ۋە بۇيرۇقى بىلەن قانلىق باستۇرۇلۇپ، نەقمەيداندىلا نەچچە يۈز ئۇيغۇر قىرىپ تاشلانغان ۋە كۆپلىگەن ئۇيغۇرلار قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلانغان ئىدى. ۋاڭ لېچۈەن غولجىدا ئېلىپ بارغان ۋەھشى قىرغىنچىلىقىدىن خىجىل بولۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە يۈزنى داپتەك قىلىپ 2 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا بېيجىڭغا ئارقا - ئارقىدىن پالاقشىپ بېرىپ، غولجا ۋەقەسى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇدا 3 قېتىم چەتئەل مۇخبىرلىرىنى كۈتىۋېلىش يىغىنى چاقىرىپ، يالغان - ياۋىداق گەپلىرى بىلەن چەتئەل مۇخبىرلىرىنى ئالداشقا ئۇرۇنغان ئىدى. ئۇ، غولجىدا 400 دىن ئارتۇق بىگۇناھ ئۇيغۇر ياشنىڭ ئېچىنىشلىق ھالدا ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئىنكار قىلىپ، ئەكسىچە تېنچلىق شەكلى بىلەن نامايىش قىلغان غولجا خەلقىنى « ئوغرى، بۇلاڭچى، قاتىل » دەپ قارىلاپ، « غولجىدىكى ئۇيغۇرلار كۆپلىگەن بىگۇناھ خەنزۇلارنى پاجىئەلىك ھالدا ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتتى » دەپ چالۋاقىغان ئىدى. ئەمما ئۇنىڭ ساختىكارلىقى دۇنيا جامائەتچىلىكى ئالدىدا ناھايىتى تېزلا پاش بولۇپ، پۈتۈن دۇنيا خەلقى غولجا قىرغىنچىلىقىنىڭ ھەقىقى ئەھۋالىدىن تولۇق خەۋەر تاپقان ئىدى. ۋاڭ لېچۈەن غولجا بىلەن بېيجىڭ ئارىلىقىدا قاتراپ يۈرۈپ، چەتئەل سودىگەرلىرىنى، « ھازىر شىنجاڭ ئىنتايىن تېنچ، غولجىدىكى ئىنتايىن ئاز ساندىكى بۆلگۈنچى - قاتىللار جىمىقتۇرۇلدى، شىنجاڭغا كېلىپ مەبلەغ سېلىشىڭلارنى قارشى ئالىمىز » دەپ ۋالاقشىپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ ئۆزىدە، يەنى 2 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئارقا - ئارقىدىن 5 يەردە بومبا پارتلاپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ۋاڭ لېچۈەننىڭ ئېيتقىنىدەك « تېنچ » ئەمەسلىكى ئاشكارىلىنىپ قالدى، قاتتىق رەسۋا بولغان لوۋاڭ يەنە شەرقىي تۈركىستانغا قايتىپ كېلىپ، « غولجىدىكى « 5 - فېۋرال » ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش ۋە ئۆلتۈرۈش ئەكسىلئىنقىلاۋى ھەرىكىتىنىڭ قالدۇغىنى تازىلاش » دىگەن نام ئاستىدا شەرقىي تۈركىستاندا ئومومى يۈزلۈك ئاختۇرۇش، تۇتقۇن قىلىش ھەرىكىتى باشلاپ، بېيجىڭدىكى رەسۋاچىلىقىنىڭ ئاچچىغىنى بىگۇناھ ئۇيغۇرلاردىن چىقىرىشقا تىرىشتى. 98 - يىلى ۋە 99 - يىلىدىكى ئەھۋاللار ھەممىمىزگە مەلۇم، بۇ ئىككى يىلمۇ كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىغە قاراتقان بېسىم، زۇلۇم ۋە قاماق قىلىش سىياسىتى ئەڭ قاتتىق كۈچەيگەن يىللار بولدى، ئۆتكەن يىلىنىڭ باشلىرىدا ۋاڭ لېچۈەننىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى قىلمىش - ئەتمىشلىرىنىڭ « بەرىكىتى » دە خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىنسان ھەقلىرى تاجاۋۇزچىلىق قىلمىشلىرى ھەققىدە مەخسۇس 92 بەتلىك دوكلات ئېلان قىلغانلىقىمۇ، كېيىنكى يىللاردا، بولۇپمۇ ۋاڭ لېچۈەن تەختكە چىققاندىن بۇيان شەرقىي تۈركىستاننىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىنىڭ ئىنتايىن جىددىيلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنىڭ جانلىق ئىسپاتى ئىدى.

يەنە كېلىپ بىز ۋاڭ لېچۈەننىڭ خوتەندە قىلغان مەخپى سۆزىدىن، بۇ ئەشەددى كەممۇنىستنىڭ ھەتتا دىڭ شياۋپىڭ تەشەببۇس قىلغان ئىقتىسادى ئۆزۈلمە ئىسلاھاتىدىنمۇ نارازى بولۇپ قوساق كۆپىگى قىلىپ يۈرگەن بىرى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز، مەسىلەن ۋاڭ لېچۈەن مەخپى دوكلاتىنىڭ 6 - قىسمىدا، « پەقەت ئادەتتىكى دىڭ شياۋپىڭنىڭ نەزىريەسىنى ئۆگىنىپ قويۇشلا كۇپايە قىلمايدۇ » دەپ كۆرسەتكەن ۋە ماۋزېدوڭدىن ئۆگىنىش كېرەكلىكىنى قايتا - قايتا تەكىتلىگەن، شۇنداقلا ھە دىگەندىلا 50 - ۋە 60 - يىللارنى، پۈتۈن ئىنسانلارغا بالايى - قازا ئېلىپ كەلگەن « مەدىنيەت زور ئىنقىلاۋى » دىكى سىياسەتلەرنى ماختاپ كۆككە كۆتەرگەن. مانا مۇشۇنىڭدىنلا بىز ئۇنىڭ يېڭىلىقنى قوبۇل قىلىشنى خالىمايدىغان ئىنتايىن مۇتەئەسسىپ ۋە قالاق كوممۇنىست ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايمىز. يەنە شۇنداقلا ۋاڭ لېچۈەننىڭ

داۋامى 4 - بەتتە )

« شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نەشر قىلدى

# مۇجاھىتلىرىمىزنى قەدىرلەيلى ۋە سەممىي ۋەتەنپەرۋەرلەردىن بولايلى!

يۈسۈپجان ( گېرمانىيە )

تارىخىمىزدىن قارايدىغان بولساق، ھازىرغىچە دىن، مىللەت، ۋەتەن ئۈچۈن قۇربان بولغان شېھىتلىرىمىز ناھايىتى كۆپ. ئەمما ئۇلارنىڭ قەبرى بېشىدا توپلۇشۇپ دۇئا قىلىپ ھۆرمەت بىلدۈرىدىغان ئىشلار ناھايىتى ئاز. يېقىنقى ۋاقىتلاردا مۇجاھىدلىرىمىز، دىن، ۋەتەن ـ مىللەت ئۈچۈن ئۆزھاياتىنى تەقدىم قىلىپ، بۇ يولدا ئىسسىق قېنىنى ۋە جېنىنى بېرىۋاتسا، بەزى « ئەقىللىق » كىشىلىرىمىز ئۇلارنى ئەيىپلەپ، ھەرخىل سۆزلەرنى قىلماقتا. بەزىلەر، « ۋاقتى ئەمەس، سەۋر قىلىش كېرەك » دىسە، بەزىلەر، « مىللەتنى ئويغۇتۇش كېرەك » دەپ قارىماقتا. ئاللاھ زۇلۇمغا سەۋرە قىلىشقا ئەمەس، بەلكى ئىبادەت ئۈچۈن سەۋرى قىلىشقا بۇيرىغان. ئويغۇتۇش ئۈچۈن ھەرىكەت ۋە ئاۋازدىن ئىبارەت ئىككىخىل ئامىلنى قوللىنىش كېرەك. بارىن ۋە غولجا ئىنقىلاۋىدىن كېيىن، مىللىتىمىز تېخىمۇ ئويغاندى، ئىنقىلاپچىلىرىمىز مىللەتنىڭ ئاھ ـ زارلىرىنى ئاڭلىتىپ، زۇلۇمغا قارشى تۇرۇشقا چاقىرىپ، بەزىسى قوراللىق، يەنە بەزىسى قورالسىز كۈرەشكە ئۈندىدى، ھەرخىل تەشۋىقات يوللىرى ئارقىلىق مىللەتنى ئويغاتتى. ئەپسۇسكى بەزىلەر، « تەشۋىقاتلارمۇ ئىشقا يارىمايدۇ » دەۋاتىدۇ، سىزنىڭچە ئويغۇتۇش قايسى ئۇسۇلدا بولسۇن؟ قورالمۇ ئالمىساق، قەلەممۇ ئالمىساق، ھەرىكەتمۇ قىلمىساق، ئاۋازمۇ چىقارمىساق، مىللەتنى قانداق ئويغىتىمىز؟ سەبرى قىلىپ 50 يىل ۋاقتىمىزنى ئۆتكۈزدۇق، يەنە قانچە يىلىمىز ئۆتسۇن؟ دىن، ۋەتەن ـ مىللەت ئۈچۈن شېھىت بولغان ئوغلانلىرىمىزنى ھەردايىم ئەسلەپ تۇرىشىمىز، قەدىرلىشىمىز، ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانا، بالا ـ چاقىلىرىغا ساھىپ چىقىشىمىز كېرەك ئىدى، سانسىزلىغان خانىملىرىمىز ئەرلىرىدىن، يەنە سانسىزلىغان نارسىدىلىرىمىز دادىسىدىن ئايرىلىپ قېلىۋاتىسىمۇ يەنە ھېچ غەم يىمەي ھاڭۋېقىپ ياشاپ يۈرىۋاتىمىز، ئۇلارنىڭ ئاھۇ ـ پەرياتلىرىغا قۇلاق سېلىپمۇ قويمىدۇق، خۇددى ۋەتەن ـ مىللەت شۇلارغىلا دا كەتكەندەك ھېس قىلىمىز ـ دە، مۇجاھىتلىرىمىزنىڭ شېھىت بولۇشىغا، تۈرمىلەردە ئازاپ ـ ئوقۇبەت تارتىشىغا پىسەنتىمۇ قىلىپ قويمايمىز. بەزى مۇجاھىتلىرىمىز ۋەتەندە تۇرالماي ئائىلاج چەتئەلگە قېچىپ چىقسا، ئۇلارغا ياردەم قولىمىزنى سۇنۇپ قويۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە ئۇلارنىڭ يەنە دۈشمەننىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىشىغا سەۋەپچى بولۇپ قېلىۋاتىمىز! خەمىت مەمەت، قاسىم مەخپىر، ئىلياس زوردۇن قاتارلىق مۇجاھىتلار نەنە شۇ ئاقىۋەتلەرگە دۇچار بولمىدىمۇ؟

بىرسى « ۋەتەن كىمنىڭ ؟ » دەپ سورىسا، ھەممىمىز قوپۇپ « بىزنىڭ! » دەپ نەرە تارتىمىز، ئەمما « ۋەتەن ئۈچۈن نىمە قىلدىڭ؟ » دەپ سوراپ قالسا، تىلىمىز تۇتۇلۇپ جاۋاپ بېرەلمەي قالىمىز. ئەپسۇسكى ۋەتەن ئۈچۈن مىلىدىن، ئائىلىسىدىن، ھەتتا ئىززىز جېنىدىن كېچىپ مۇجادىلە قىلىۋاتقانلارنىڭ ئۈستىدىن پىتنە ـ پاسات تېرىپ، ئاغزىمىزدا شەھەر ئېلىپ، ئۆزىمىزنى خۇدانىڭ ئالدىدا گۇناھكار قىلىپ يۈرىۋاتىمىز. « باشقىلارنىڭ يارىمىسا، سىزنىڭ ياخشى پىلانىڭىزنى باشلاڭ » دىسەك، ئۇچاغدا شەيتاندەك يوقاپ كېتىمىز. يا ئۆزىنىڭ قولىدىن پوق كەلمىگەن، يا باشقىلانىڭكىنى ياراتمىغان.

دۇنيادا كەمچىلىكسىز ئىنسان يوق، بىر ئادەمنىڭ قىلغان ياخشى ئىشلىرى يامان ئىشلىرىدىن جىق بولسا، ئۇچاغدا ئۇنىڭغا ياخشى دەپ باھا بېرىپ، يامان يەرلىرىنى تۈزىتىۋېلىشىغا ياردەم بېرىشىمىز كېرەك. ئەگەر سىز ۋەتەن ئۈچۈن كۆيگەنلەرگە كۆيۈنۈشنى بىلسىڭىز، خاتا جايلىرى بولسا تۈزۈتۈشكە تىرىشىڭ، ئەگەر سىزنىڭ ياخشى پىلانلىرىڭىز بولسا كۆرسۈتۈڭ!

ئەلۋەتتىكى، تاشقى دۇنياغا ۋەتەن ـ مىللەت داۋاسىنى ئاڭلىتىش تولىمۇ موھىم، ، يەنى « بالا يىغلىمىسا، ئانا ئەمچەك سالماپتۇ » دىگەندەك، بىز ئاڭلاتمىساق، باشقىلارنىڭ كېلىپ « ھالىڭ قانداق؟ » دەپ سورىشى مۇمكىن ئەمەس. بىزدە، « داۋاگەر سۇس بولسا، قازى مەتىھەم بولىدۇ » دىيدىغان سۆز بار، بەزىلەر ، « تاشقى دۇنيادا ۋەتەن داۋاسىنى ئاڭلىتىشنىڭ پايدىسى يوق » دەپ قارايدۇ ۋە داۋا قىلىۋاتقانلاردىن قۇسۇر ئىزدەيدۇ، خوش، سىزگە ۋەتەن ئىچىدە ئىش قىلىۋاتقانلارمۇ، ۋەتەن سىرتىدا ئىش قىلىۋاتقانلارمۇ يارىمىسا، ئۇچاغدا سىزگە زادى نىمە يارايدۇ؟ « ئۆزمە پىش، ئاغزىمغا چۈش » دەپ ئولتۇرۇش كېرەكمۇ ـ يە؟ سىزگە ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئىنقىلاپ رەھبەرلىرىمىزنىڭ ھېچ بىرى ئەرزىمىسە، ئۇھالدا ئاسماندىن ھېچ ئۇقسانسىز بىر لىدەر چۈشەمتى؟ ئەلۋەتتە چۈشمەيدۇ! بىز ۋەتەن ـ مىللەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقانلارنى قوللىماي، ياردەم بەرمەي، سىرداشماي ۋە پىكىرلەشمەي تاشلىۋەتسەك، ئۇچاغدا يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىقمايدۇ. ئۆزىمىزنىڭ ھۆرمەتسىزلىكىدىن تاكى بۈگۈنگىچە تاشقى دۇنيادا ھەممىمىز ھۆرمەتلەيدىغان ۋە ئېتىراپ قىلىدىغان بىر لىدەرىمىز يوق، ئەلۋەتتە، لىدەرسىز ھېچبىر ئىش ۋۇجۇتقا چىقمايدۇ. بىز ھەممىمىز موسۇلمان ـ يۇ، ئەمما قۇرئانىمىزدىكى ئاللاھ بۇيرۇغان « مۆمىنلەر قېرىنداش » دىگەن ئايەت كېرىمىمىزگە ئەمەل قىلمايمىز، بىزدە مۆمىنلىك، قېرىنداشلىق ناھايىتى سۇس. « ئويغۇر » دىگەن ئامىمىزغا لايىق ئويۇشماي، ھەر يەردە بۆلۈنۈپ ياشايمىز، بىرەرسى « ھۆرمەتلىك » بولۇپ قالسا، ئارقىدىن كوتۇلداپ ئىناۋىتىنى چۈشۈرۈشكە تىرىشىمىز، بىز ھۆرمەت قىلمىساق، ياتلار قانداق ھۆرمەت قىلسۇن؟!

ۋەتەن ـ مىللەت ئۈچۈن ئۆلگەنلەرنى يۇقۇرى مەرتىبە بىلەن ھۆرمەتلەپ جەننەت بىلەن مۇكاپاتلاندۇرىدىغانلىقى توغرىسىدا قۇرئانى كەرىمدە نۇرغۇن ئايەتلەر بار، ئەپسۇسكى بىز شېھىتلىرىمىزنى ئارقىدىن كوتۇلداپ « مۇكاپاتلايمىز ». ئاللاھ جىھاتقا بۇيرۇسا، « ۋاقتى ئەمەس » دەپ ۋاقىت ئۆتكۈزۈشنىڭ كويىدا يۈرىمىز، « شېھىتلەر ئۆلمەس » دىسەك، سىزنىڭ قەلبىڭىزدە شېھىتلىرىمىزنىڭ روھى ياشىمايدۇ، بىز بۇ خاتالىقىمىزنى تۈگىتىپ، ئۇلارنىڭ روھىنى ياشىتىشىمىز ۋە ئۇلارنىڭ روھىدىن ئۆگىنىشىمىز كېرەك.

يەنە بەزى لىدەرلىرىمىز ھۆرمەت ئورنىغا غەيۋەت ـ شىكايەت، ياردەم ئورنىغا توسالغۇ ۋە زەربىگە ئۇچرىغاچقا، قىلىۋاتقان ۋەتەن داۋاسىنى يېرىم يولدا تاشلاپ قويۇشقا مەجبۇر بولىۋاتىدۇ، يەنە بەزىلەر ۋەتەندە ئاجايىپ چوڭ ئىشلارنى قىلغان ۋە تۈرمىلەردە يېتىپ چىدىغۇسىز قىين ـ قىستاقلارغا بەرداشلىق بېرىپ مىڭ تەستە ۋەتەن سىرتىغا چىقىۋاللىغاندىن كېيىن، بىزدىن لايىقىدا ھۆرمەت ۋە يار ـ يۆلەك كۆرەلمىگەچكە، باشقا مىللەتنىڭ ياردىمىگە مۇھتاج بولۇپ ياشاپ، ئاستا ـ ئاستا ئەسلى خارەكتىرىنى يوقۇتۇپ، ياشاۋاتقان مۇھىتىغا سىڭىپ ئېرىپ كېتىۋاتىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ كاللىسىدا « ۋەتەن مېنىڭلىمتى؟ » دىگەن چۈشەنچە پەيدا بولۇپ قالغان.

« ۋەتەننى سۆيىمەن » دەپ ئېغىزدىلا دەپ قويۇش مېنىڭچە ھېچ نىمىگە ئەرزىمەيدۇ، ۋەتەن ـ مىللەتكە ئەرزىگۇدەك ئىش قىلىش، باشقىلارنىڭ ۋەتەنگە قىلغان ئىشى بىلەن ئۆزىمىزنىڭ قىلغىنىنى سېلىشتۇرۇپ ئۆلچەپ تۇرىشىمىز كېرەك. توغرا، ئۆز ۋەتىنىنى سۆيمەيدىغان بىرمۇ ئىنسان يوق، ئەمما سۆيۈشنىڭ دەرىجىسى ئوخشىمايدۇ، بەزىلەر ۋەتەننى چىن يۈرىگىدىن سۆيگەچكە ۋە جېنىدىن ئەزىز بىلگەچكە، ۋەتىنى ئۈچۈن شېھىت بولۇۋاتىدۇ ۋە شېھىت بولۇشقا ھازىر تۇرىۋاتىدۇ، يەنە بەزىلەرنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكى يېرىم ـ ياتا بولغاچقا، شامالغا قاراپ ۋەتەنپەرۋەر بولىۋاتىدۇ ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىكنى ئېغىزدىلا دەپ قويىدۇ. بىز يۈزدە ـ يۈز ۋەتەنپەرۋەر بولغان بولساق ياكى شۇ شېھىتلىرىمىزنىڭ ئىزىنى بېسىپ ماڭغان بولساق، مۇستەملىكە ئاستىدىمۇ ياشىمىغان بولاتتۇق. ئۆزئارا قېرىنداش بولۇپ، ئۇيۇلتاشتەك ئۇيۇشقان بولساق ئىدۇق، بىزنى ھېچبىر كۈچ يىمىرەلمەس ئىدى. شۇڭا بىز ھەممىمىز ئۆزىمىزنى يۈز پىرسەنتلىك ۋەتەنپەرۋەرلەردىن قىلىپ يېتىشتۇرىشىمىز كېرەك. ھەدىسى شېرىفتە، « ھەركىم جىھاتقا چىقماستىن، جىھاتقا نىيەت قىلماستىن ئۆلسە، جاھالەت ئۆلۈمى بىلەن ئۆلىدۇ » دىيىلگەن. بىز ھەرزامان كاللىمىزدا جىھات قىلىپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ئىڭىنى تۇرغۇزۇشىمىز كېرەك، شۇنداق قىلساق جانابى ئاللاھ بىزنى جەننەت بىلەن مۇكاپاتلايدۇ، ئەگەر ئۇنداق قىلماي شەكىل ئۈچۈن ۋەتەنپەرۋەر بولۇپ ھاياتىمىزنى ئۆتكۈزىۋەتسەك، ئۇچاغدا جاھالەت ئۆلۈمى بىلەن ئۆلگەن بولىمىز ۋە جانابى ھەق بىزنى دوزاخ بىلەن جازالايدۇ، خالاس!

2000 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ( گېرمانىيە ـ بۈرانىيشۋايك )

« شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نەشر قىلدى

# « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى » نىڭ 99 - يىللىق خىزمەت دوكلاتى

( ئىزاھات: تۆۋەندە دىققىتىڭلارغا سۇنماقچى بولغىنىمىز، ياشلار قۇرۇلتىيىنىڭ 99 - يىللىق خىزمەت دوكلاتىنىڭ مۇقەددىمە قىسمىدىن ئىبارەت، دوكلاتنىڭ تولۇق تېكىستى « شەرقىي تۈركىستان ياشلىرى » ژورنىلىنىڭ 1 - سانىغا بېرىلدى )

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم مۆھتەرەم قېرىنداشلىرىمىز، ئالدى بىلەن بىز « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى » غا ۋاكالىتەن ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى بارلىق شەرقىي تۈركىستانلىق قېرىنداشلىرىمىزنى، جۈملىدىن ئۇيغۇر ياشلىرىمىزنى يۈرەكتىن سالاملايمىز! ۋەتەن ئىچىدە مۇقەددەس دىنى، ۋەتىنى ۋە مىللىتى ئۈچۈن ئەزىز جانلىرىنى پىدا قىلغان شېھىتلىرىمىزنى چەكسىز قايغۇ ئىچىدە ئەسلەيمىز ھەم ئۇلارنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىغا جانابى ئاللاھتىن رەھمەت ۋە سەبىر تىلەيمىز! يەنە شۇنداقلا خىتاينىڭ قاراڭغۇ زىندانلىرىدا ئازاپ - ئوقۇبەت چېكىۋاتقان باتۇر ئوغلانلىرىمىزغا ئالى ئېھتىرام بىلدۈرىمىز!

ئەزىز قېرىنداشلىرىمىز، 1996 - يىلى 11 - ئايدا گېرمانىيەدە « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى » قۇرۇلغاندىن بۇيان ئارىدىن 3 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتتى، ياشلار قۇرۇلتىيىمىزنىڭ بۇ قىسقىغىنە 3 يىل ئىچىدە بېسىپ ئۆتكەن مۇساپىسىنى ئەسلەپ ئۆتكىنىمىزدە، قۇرۇلتىيىمىزنىڭ ۋەتەن سىرتىدىكى ئۇيغۇر ياشلىرى ھەرىكىتىدە تارىختا ھېچ كۆرۈلۈپ باقمىغان زور جانلىنىشنى ئېلىپ كەلگەنلىكىنى، ھەم شۇنداقلا تاشقى دۇنيادا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان مىللى مۇجادىلىمىزنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن خېلى موھىم تۆھپىلەرنى قوشقانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. ياشلار قۇرۇلتىيىمىزنىڭ قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە تەرەققى قىلىپ، بۈگۈنكى كۈندە ۋەتەن سىرتىدا مىللى مۇستەقىللىق داۋاسىنى قىلىۋاتقان ئەڭ ئاساسلىق ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنىڭ بىرىگە ئايلانغانلىقىمۇ بۇ نۇقتىنى كۆرسەتمەكتە! ئەلۋەتتىكى بۇ، تاشقى دۇنيادىكى ۋەتەنپەرۋەر ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ تىرىشچانلىقىنىڭ ۋە پېشقەدەم مىللى ئۇستازلىرىمىزنىڭ قوللاپ - قۇۋۋەتلىگەنلىكىنىڭ نەتىجىسىدۇر!

ئەزىز قېرىنداشلىرىمىز، ئۆتكەن 3 يىلغا باققىنىمىزدا، ياشلار قۇرۇلتىيىمىزنىڭ تەرەققىياتىنى تۆۋەندىكى 3 باسقۇچقا بۆلۈش مۇمكىن:

بىرىنچىدىن، ياشلار قۇرۇلتىيىمىز ـــ 1995 - يىلى 10 - ئايدا قازاقىستاندا « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى مەدەنىيەت كۈنلىرى » يىغىنى چاقىرىلغاندىن تارتىپ تاكى 1996 - يىلى 11 - ئايدا گېرمانىيەدە ئۇنجى نۆۋەتلىك « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى » غىچە بولغان مەزگىل ئىچىدە قۇرۇلۇش باسقۇچىنى بېسىپ ئۆتتى ۋە بۇجەرياندا ۋەتەن سىرتىدىكى ياشلار ھەرىكىتىنىڭ تەشكىلى ئاساسى تۇرغۇزۇلدى.

ئىككىنچىدىن، ياشلار قۇرۇلتىيىمىز ـ 1996 - يىلى 11 - ئايدىن 1998 - يىلى 12 - ئايدا تۈركىيەدە 2 - نۆۋەتلىك « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى » ئېچىلغانغىچە بولغان مەزگىل ئىچىدە، بەزى تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلىگەن ئاساستا، ئەزىرىيەۋى ئاساسىنى مۇستەھكەملەش، كونكرېتنى پىلان - پروگراممىلارنى تۈزۈپ چىقىش ۋە تەشكىلى قۇرۇلمىسىنى مۇنتىزىملاشتۇرۇش باسقۇچىنى بېسىپ ئۆتتى ۋە بۇ ئاساستا پەيدىن - پەي پائالىيەتكە قاراپ يۈزلەندى، بۇھەقتە 2 - نۆۋەتلىك ياشلار قۇرۇلتىيىمىزدا ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ يىللىق خىزمەت دوكلاتىدا تەپسىلى توختۇلۇپ ئۆتۈلگەن ئىدى.

ئۈچۈنچىدىن، ياشلار قۇرۇلتىيىمىز ـــ 1998 - يىلى 12 - ئايدىكى 2 - نۆۋەتلىك يىغىندىن كېيىنكى مەزگىل ئىچىدە پىلانلىق، قەدەمباسقۇچلۇق ۋە تەشكىللىك ھالدا رەسمى يوسۇندا پائالىيەت باسقۇچىغا كىردى، بۇجەرياندا قۇرۇلتىيىمىز بىر تەرەپلىمىلىكتىن، رادىكاللىقتىن ساقلىنىپ، تۈرك دۇنياسىغا، ئەرەپ - ئىسلام ئالىمىگە، غەرىپ دۇنياسىغا، شۇنداقلا تەيۋەن، شاڭگاڭ - ئاۋمىن ۋە چەتئەللەردىكى دېموكراتىك خىتايلارغا قارىتا يولغا قويىدىغان تاكتىكىلىرى ۋە ستراتېگىيىسىنى بۇ رايونلارنىڭ ئالاھىدىلىكىنى نەزەردە تۇتقان ھالدا ئايرىم - ئايرىم ھالدا كونكرېتنى تۈزۈپ چىقىپ ئىجرا قىلدى ۋە 1999 - يىلى ياشلار قۇرۇلتىيىمىزنىڭ سىياسى پائالىيەتلىرىدە ئىجابى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

ياشلار قۇرۇلتىيىمىزنىڭ 98 - يىلى 12 - ئايدىن بۇيان ئېلىپ بارغان ئاساسلىق پائالىيەتلىرىنى تۆۋەندىكى بىرقانچە نۇقتىغا بۆلۈپ بايان قىلماقچىمىز:

## 1. ئىچكى مۇناسىۋەتلەر ۋە ھەمكارلىق

قۇرۇلتىيىمىزنىڭ يېڭى نىزامنامىسىنىڭ 9 - ۋە 10 - ماددىلىرىدا، ياشلار قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەتەن سىرتىدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان بارلىق شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەت ئورنىتىدىغانلىقى، بۇ تەشكىلاتلار بىلەن كېڭىشىپ، ۋەتەن سىرتىدىكى شەرقىي تۈركىستان مىللى كۈرىشىنىڭ ئورتاق ستراتېگىيىسىنى تۈزۈپ چىقىشقا ۋە ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا يېقىندىن ماسلىشىدىغانلىقى بايان قىلىنغان ئىدى. بىز نىزامنامىمىزدا كۆرسىتىلگەن بۇ پىرىنسىپلارغا باشتىن - ئاخىرى تولۇق ئەمەل قىلىپ كەلدۇق ۋە ئۆتكەن قىسقىغىنا بىر يىل ئىچىدە بۇ جەھەتتە كۆپلىگەن ئىجابى قەدەملەرنى تاشلىدۇق. بىز بىرتەرەپتىن، ھەرقايسى دۆلەتلەردە پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان ياشلار تەشكىلاتلىرى بىلەن بولغان ئالاقىمىزنى كۈچەيتىپ ياشلار قۇرۇلتىيىنىڭ فونكسىيونىنى جانلاندۇرۇشقا تىرىشساق، يەنە بىر جەھەتتىن، ھەرقايسى ئەللەردىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى بىلەن بولغان ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىمىزنى كۈچەيتتۇق ۋە بۇ ھەمكارلىقلار جەريانىدا بىز ھېچقانداق سىياسى نەپتىن مۇستەسنا ھالدا پۈتۈنلەي ۋەتەن - مىللەتنىڭ تۈپ مەنپەئەتىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، خالىس ۋە سەمىمى ھالدا ھەرىكەت ئېلىپ باردۇق. بۇنىڭ ئەڭ جانلىق مىساللىرىدىن بىرى شۇكى، 99 - يىلى 10 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىن 16 - كۈنىگىچە گېرمانىيەنىڭ مىيونخېن شەھىرىدە 2 - نۆۋەتلىك « شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللى قۇرۇلتىيى » چاقىرىلغان ئىدى، ياشلار قۇرۇلتىيىمىز بۇ قېتىمقى قۇرۇلتايغا ساھىپخانلىق قىلغان 3 تەشكىلاتنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، قۇرۇلتاينىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىگە باشتىن - ئاخىر تولۇق قاتناشتى ۋە ياشلار قۇرۇلتىيىنىڭ مەركىزىدىكى بارلىق ئەزالىرىنى سەپەرۋەر قىلىپ، مىللى قۇرۇلتاي ئۈچۈن ئىختىسات توپلاش، نىزامنامە لايىھەسىنى ھازىرلاپ چىقىش، قۇرۇلتاي ۋەكىللىرىنىڭ ياتاق - تاماق مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىش ... قاتارلىق ئىشلىرىدا ئاساسلىق رول ئوينىدى، 5 كۈنلۈك قۇرۇلتاي جەريانىدا قۇرۇلتىيىمىزنىڭ ئىجرائىيە رەئىسى دولقۇن ئەيسا قۇرۇلتاينىڭ رىياسەتچىلىكىنى، فوندا رەئىسى ئابلىكىم خوتەن ۋە باشقا ئەزالىرىمىز قۇرۇلتاي ۋەكىللىرىنى كۈتۈۋېلىش ئىشلىرىنى ئۈز ئۈستىگە ئالدى. قۇرۇلتاي جەريانىدا ۋە قۇرۇلتاي ئاخىرىدا ھەرقايسى ئەللەردىن كەلگەن ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى ياشلار قۇرۇلتىيى ئەزالىرىنىڭ بۇخىل پىداكارلىق روھىغا يۇقۇرى باھا بەردى ۋە ئاپىرىن ئېيتتى.

بۇيەردە شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتمەكچىمىزكى، ياشلار قۇرۇلتىيى نىزامنامىسىنىڭ 4 - ماددىسىدا، « ياشلار قۇرۇلتىيى ـ پۈتۈن تەشكىلاتلىرىمىز ئېتىراپ قىلغان رەسمى بىر « شەرقىي تۈركىستان خەلقئارا مىللى قۇرۇلتىيى » ۋۇجۇتقا چىققانغا قەدەر مۇستەقىل پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ ... « خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان مىللى قۇرۇلتىيى » بارلىققا كەلگەندىن كېيىن، مىللى قۇرۇلتاينىڭ قوبۇل قىلىشى ۋە ياشلار قۇرۇلتىيىنىڭ قارارى بويىچە « شەرقىي تۈركىستان مىللى قۇرۇلتىيى » نىڭ تەركىۋىدىكى « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى » قىلىپ ئۆزگەرتىلىدۇ » دەپ كۆرسىتىلگەن ئىدى، گەرچە مىللى قۇرۇلتاي جەريانىدا ۋە قۇرۇلتايدىن كېيىن قۇرۇلتاي رەھبەرلىك ئورگىنىدىن بىزگە قۇرۇلتاينىڭ تەركىۋىگە كىرىش ھەققىدە تەكلىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما بىز ياشلار قۇرۇلتىيىمىزنىڭ نىزامنامىسىغا ئەمەل قىلىش مەقسىتىدە بۇ مەسىلىنى 3 - نۆۋەتلىك « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى » نىڭ ئومومى يىغىنىدا مۇزاكىرە قىلىپ قارار قىلىش پىكرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ھازىرچە مىللى قۇرۇلتاينىڭ تەركىۋىگە كىرمىدۇق.

ئۇندىن باشقا يەنە ياشلار قۇرۇلتىيىمىز تەركىۋىدىكى ھەرقايسى ئەللەردىكى ياشلار تەشكىلاتلىرىمۇ ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق ئەللەردىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى بىلەن ئىچقويۇن - تاشقويۇن بولۇپ، بۇ تەشكىلاتلارنىڭ سىياسى پائالىيەتلىرىدە موھىم رول ئويناپ كەلمەكتە.

بولۇپمۇ 2 - نۆۋەتلىك ياشلار قۇرۇلتىيىنىڭ قارارلىرى ۋە روھىنى قازاقىستان، قىرغىزىستاندىكى ئۇيغۇر ياشلىرى ئارىسىدا كۈچلۈك تەشۋىق قىلىپ، ياشلارنىڭ ئويغىنىش ۋە تەشكىلاتلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مىللى ئازاتلىق ھەرىكىتىمىزنىڭ ئىزباسارلىرىنى تەربىيىلەش جەھەتتە كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئۇتۇقلارنى قولغا كەلتۈردى.

( داۋامى 7 - بەتتە )

ياشلار قۇرۇلتىيىمىز ھەرقايسى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتىش بىلەن بىرگە، ئەركىن ئالپتېكىن، ھاجى ياقۇپ، زىيا سەمەدى، ئابدۇرۇپ مەخسۇم ...قاتارلىق مىللى ئۇستازلىرىمىز بىلەن بولغان بىۋاستە ئالاقىنىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردۇق ۋە موھىم پرىنسىپال مەسىلىلەردە بۇ ئۇستازلىرىمىزدىن ئەكلىپ - پىكىر ئېلىشنى داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتىمىز.

## 2. غەرىپ ئەللىرىدىكى سىياسى پائالىيەتلىرىمىز

سىزلەرگە مەلۇم بولغاندەك، ياشلار قۇرۇلتىيىمىزنىڭ مەركىزى ئورگىنىنى گېرمانىيەنىڭ ميونخېن شەھرىدە تەسىس قىلىشتىكى ئاساسى مەقسەتلىرىنىڭ بىرىمۇ، مىللى داۋايىمىزنى سىياسى ۋە ئىقتىسادى جەھەتتە خىتايغا ھەم دۇنياغا تەسىر كۆرسۈتەلەيدىغان غەرىپ ئەللىرىدە تەرەققى قىلدۇرۇش ئىدى. شاڭا، 2 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىمىزدىن كېيىن مەركىزى ئورگىنىمىز ئاساسى كۈچىنى بۇ نۇختىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئامېرىكا ۋە ياۋروپادىكى ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتلىرى، ئاممۇۋى گۇرۇپپىلار بىلەن بولغان بىۋاستە ئالاقە ۋە ھەمكارلىقنى كۈچەيتتۇق ۋە بۇجەھەتتە بىز بەزى بۆسۈش خارەكتىرلىك نەتىجىلەرنى ھاسىل قىلدۇق.

مەسىلەن، 99 - يىلى 3 - ئايدا ئىجرائىيە كومىتېتىمىزنىڭ رەئىسى دولقۇن ئەيسا باشچىلىقىدىكى بىر ھەيئەت ياشلار قۇرۇلتىيىمىزغا ۋاكالىتەن « خەلقئارا ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتى گېرمانىيە شۆبىسى » تەرىپىدىن چاقىرىلغان « 99 - يىلدا ئىنسان ھەقلىرى » دىگەن تېمىدىكى خەلقئارالىق ئىلمى مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتنىشىپ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن 80 دىن ئارتۇق ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتىنىڭ ۋەكىللىرىگە شەرقىي تۈركىستانىنىڭ سياسى ۋەزىيىتىنى ئەتراپلىق ئاڭلىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى، ئەلۋەتتىكى بۇ، ياشلار قۇرۇلتىيى رەھبەرلىك ئورگىنىنىڭ بىرقانچە ئاي ئالدىن مۇناسىۋەت ئورنۇتۇش ۋە ھارماي - تالماي تىرىشچانلىق كۆرسۈتىشى نەتىجىسىدە ئېرىشكەن مۇۋاپىقىيەت ئىدى. يەنە مەسىلەن، 99 - يىلى جەنۋەدە چاقىرىلغان « دۇنيا ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتى يىللىق يىغىنى » دا، ياشلار قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى كېرەم شېرىپ ئۇيغۇرلارغا ۋاكالىتەن بۇقېتىمقى يىغىندا 10 مىنوت سۆزلەش ھەققىگە ئېرىشىپ، دۇنيادىكى 200 گە يېقىن دۆلەتنىڭ ۋەكىللىرى قاتناشقان بۇقېتىمقى يىغىندا كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىغە قارىتا يۈرگۈزىۋاتقان قىرغىنچىلىق سياسىتىنى پاش قىلدى، بۇ، ۋەتەن سىرتىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان 50 يىللىق مىللى مۇجادىلە تارىخىمىزدىكى زور مۇۋاپىقىيەتلەرنىڭ بىرى ئىدى، ئەلۋەتتىكى پۇ پۇرسەت ئاسانلا قولغا كەلگىنى يوق، مەزكۇر يىغىن باشلىنىشتىن بىرقانچە ئاي بۇرۇن قۇرۇلتاي رەھبەرلىك ئورگىنىمىز مۇناسىۋەتلىك تەشكىلاتلار ۋە شەخسلەر بىلەن كۆپ قېتىم جىددى مۇناسىۋەت ئورنۇتۇپ، ئۇلارغا شەرقىي تۈركىستانىنىڭ سىياسى ۋەزىيىتىنىڭ جىددىلىكىنى ئەملى پاكىتلار بىلەن ئاڭلىتىپ قايىل قىلىشقا تىرىشتى، يىغىن جەريانىدىمۇ ئىجرائىيە كومىتېتىمىزنىڭ رەئىسى دولقۇن ئەيسا باشچىلىقىدىكى بىرگۇرۇپ ۋەكىلىمىز ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ بىرقانچە قېتىم ئالاھىدە جەنۋەگە بېرىپ لوبىچىلىق قىلىپ، ئاخىرقى ھىساپتا بۇ قېتىمقى قىممەتلىك پۇرسەتنى قولغا كەلتۈردى.

شۇنداق دەپ ئېيتالايمىزكى، ياشلار قۇرۇلتىيىمىز ئۆتكەن بىر يىل ئىچىدە گېرمانىيەنى ئاساس قىلغان ھالدا ياۋروپا ئەللىرىدە تۈرلۈك ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەت جەھەتتە خېلى مۇكەممەل بىر ئاساس سېلىپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى پائالىيەتلەر ئۈچۈن ئەۋزەل شارائىت ياراتتى.

## 3.تۈرك دۇنياسى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەر

ياشلار قۇرۇلتىيىمىز، بىزبىلەن دىنداش، تىلداش ۋە قان قېرىنداش بولغان تۈرك جۇمھۇرىيەتلىرى خەلقلىرى بىلەن بولغان دوستلۇق ۋە ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىش ھەمدە تۈرلۈك شەكىللەر ئارقىلىق ئۇلارغا مىللى داۋايىمىزنى لايىقىدا ئاڭلىتىشنى باشتىن - ئاخىر موھىم ۋەزىپىلىرىمىزنىڭ بىرى قىلىپ كەلدۇق. قۇرۇلتاي مەركىزى ئورگىنىمىز ۋە ھەرقايسى تۈرك جۇمھۇرىيەتلىرىدە پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان ياشلار تەشكىلاتلىرىمىز، تۈركىيەنى ۋە بىز بىلەن خوشنا بولغان قازاقىستان،قىرغىزىستانلارنى ئاساس قىلغان ھالدا، بۇ ئەللەردىكى بىزنىڭ مىللى داۋايىمىزغا ھېسداشلىق قىلىۋاتقان پارتىيە - گۇروھلار، ئاممۇۋى تەشكىلاتلار، ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتلىرى، دىنىي جامائەتلەر، مەتبۇئاتلار ۋە پارلامېنتلار بىلەن بىۋاستە ئۇچرۇشۇپ، ئۇلارغا مىللى داۋايىمىزنى ئاڭلىتىش بىلەن بىرگە، ئۇلارنىڭ بىزگە بولغان ھېسداشلىقىنى ۋە قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشتۇق. بۇنىڭ ئاساسلىق ئىپادىلىرى شۇكى، 2 - نۆۋەتلىك ياشلار قۇرۇلتىيىمىز ئاخىرلاشقان ھامان، يەنى 98 - يىلى 12 - ئاينىڭ 17 - كۈنى قۇرۇلتىيىمىزنىڭ يېڭى رەھبەرلىك ھەيئىتى تۈركىيەدىكى « تۈرك دۇنياسى دوستلۇق ۋە ھەمكارلىق قۇرۇلتىيى » مەركىزى ئورگىنىنى زىيارەت قىلىپ، ئۇلارغا شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئومومى ۋەزىيىتى ھەققىدە مەلۇمات بېرىش بىلەن بىرگە، يىلدا بىر قېتىم ئېچىلىدىغان « تۈرك دۇنياسى قۇرۇلتىيىغا » غا قۇرۇلتىيىمىزدىن مەخسۇس ۋەكىل ئەۋەتىش تەلىۋىمىزنى ئوتتۇرىغا قويدۇق ۋە بۇھەقتە ئىجابى جاۋاپقا ئېرىشتۇق، ئۇندىن باشقا يەنە بىز، « تۈرك دۇنياسى ياشلىرى قۇرۇلتىيى » ۋە تۈركىيەدىكى بىزگە ھېسداشلىق قىلىۋاتقان بەزى پارتىيەلەرنىڭ ياشلار تەشكىلاتلىرى بىلەن بولغان تۈرلۈك مۇناسىۋەت ۋە ھەمكارلىقلارنىمۇ پىلانلىق بىر شەكىلدە ئىزچىل ھالدا داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتىمىز.

## 4. ئەرەپ - ئىسلام ئالىمى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەر

خۇددى 1 - ۋە 2 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتايلىرىمىزدا ئوتتۇرىغا قويۇلغىنىدەك، ئەرەپ - ئىسلام ئالىمىنىڭ شەرقىي تۈركىستان داۋاسىغا بولغان ھېسداشلىقىنى ۋە قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش - ياشلار قۇرۇلتىيىمىزنىڭ ستىراتېگىيىلىك نىشانلىرىنىڭ بىرى. شۇڭا، 2 - نۆۋەتلىك ياشلار قۇرۇلتىيى ئاخىرلارشقان ھامان، قۇرۇلتاي مەركىزى ئورگىنىمىز بۇ ساھەدە ئېلىپ بېرىلىدىغان پائالىيەتلەر ھەققىدە كونكىرىتنى پىلان تۈزۈپ چىقىپ، نىشانلىق ۋە مەركەزلىك ھالدا ھەرىكەتكە كىرىشتۇق. بولۇپمۇ بۇ جەرياندا بىز، مىللى داۋايىمىزنىڭ خەلقئارا سىياسى سەھنىلەردىكى، ئامېرىكا ۋە ياۋروپا ئەللىرىدىكى نوبرازىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان رادىكال قاراشلاردىن ۋە سۆز - ھەرىكەتلەردىن ئۆزىمىزنى تارتتۇق ۋە پۈتۈن دۇنيا تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان « دۇنيا ئىسلام بىرلىكى »، « دۇنيا موسۇلمان ياشلىرى قۇرۇلتىيى »، « ئەرەپ ئەللىرى ئىتتىپاقى » غا ئوخشاش نوپوزلۇق ئىسلام تەشكىلاتلىرى بىلەن ۋە پاكىستان، مىسر، ئەرەپ بىرلەشمە خەلىپىلىكى، سۈرىيە قاتارلىق ئىسلام ئەللىرىدىكى بىرقىسىم ئىلغار، ئىلمى ۋە مۆتىدىل ئىسلامى گۇرۇپپىلار، ئىسلامى جامائەتلەر بىلەن بولغان دوستلۇق ۋە ھەمكارلىق مۇناسىۋەتلىرىنى پەيدىن - پەي كۈچەيتتۇق ھەمدە بۇجەھەتتە بەزى خوشاللىنارلىق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردۇق. مەسىلەن، ئۆتكەن يىلى ئىچىدە قۇرۇلتاي رەھبەرلىك ئورگىنى تەرىپىدىن تەشكىللەنگەن ھەيئەت ياۋروپادا ئۆتكۈزۈلگەن بىرقانچە قېتىملىق خەلقئارالىق ئىسلام كونفىرانسلىرىغا قاتنىشىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ دىنى ئىشلار ۋەزىرى شەيخ سالىخ بىن ئابدۇل ئەزىز، سەئۇدى ئەرەبىستان ئەدلىيە ۋەزىرى دوكتور ئابدۇللاھ بىن مۇھەممەت، « دۇنيا ئىسلام بىرلىكى » نىڭ باش كاتىۋى دوكتور ئابدۇللاھ بىن سالىھ ئەلئوبەيىن، ۋە ياۋروپادىكى ھەرقايسى ئىسلام تەشكىلاتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلارغا شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئومومى ۋەزىيىتى ھەققىدە مەلۇمات بېرىش بىلەن بىرگە، ئۇلاردىن كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان موسۇلمانلىرىغا قاراتقان قىرغىنچىلىق ۋە دىنى ئېتىقاتنى يوق قىلىش سياسىتىگە قارشى ئېتىراز بىلدۈرۈشنى ۋە خىتاي ھاكىمىيىتىگە بېسىم ئىشلىتىشنى تەلەپ قىلدى. بۇئارىدا ياشلار قۇرۇلتىيى يەنە، « دۇنيا موسۇلمان ياشلار قۇرۇلتىيى » غا ئەزا بولۇش ئىلتىماسى تاپشۇردى. خەلقئارالىق ئىسلام تەشكىلاتلىرى بىلەن بولغان بىرقاتار ھەمكارلىق مۇناسىۋەتلىرىمىز ھەتتا خىتاي ھاكىمىيىتىنىمۇ قاتتىق ئالاق - زادە قىلدى، « خوتەن گېزىتى » نىڭ يېقىنقى سانلىرىدا ئېلان قىلىنغان بىر ئوبزوردا، « دۇنيا ئىسلام بىرلىكى »، « دۇنيا موسۇلمان ياشلار قۇرۇلتىيى » قاتارلىق ئىسلام تەشكىلاتلىرىنىڭ چەتئەللەردىكى خىتايغا قارشى مىللى كۈچلەرنى ئاستىرتتىن قوللاۋاتقانلىقى ۋە بۇنىڭ، خىتاينىڭ بىخەتەرلىكىگە تەسىر يەتكۈزىۋاتقان موھىم تاشقى ئامىللارنىڭ بىرى ئىكەنلىكى بايان قىلىندى.

## 5 .خىتاي دېموكراتىك تەشكىلاتلىرى ۋە زاتلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەر

چەتئەللەردىكى كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىگە قارشى خىتاي دېموكراتىك كۈچلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەت مەسىلىسى، نۆۋەتتە مىللى مۇجادىلە سېپىمىزدىكى ئەڭ نازۇك مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولۇپ كەلمەكتە. ھازىرغا قەدەر ۋەتەن سىرتىدىكى بارلىق ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى، دېموكراتىك خىتاي تەشكىلاتلىرى بىلەن ئالاقە قىلىشتا، ئۇلارغا، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئۆز

( داۋامى 8 - بەتتە )

## « شەرقىي تۈركىستان ياشلىرى »
# ژۇرنىلى نەشردىن چىقىش ئالدىدا تۇرماقتا.

ئۆز خەۋىرىمىز: يېقىندا « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى » مەركىزى ئورگىنى مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق، ياشلار قۇرۇلتىيىنىڭ ئورگان گېزىتى ـ شەرقىي تۈركىستان ياشلىرى » گېزىتىنى پەسىللىك سىياسىي ـ ئىلمىي ژۇرنالغا ئايلاندۇرۇپ نەشر قىلىشنى قارار قىلغان ئىدى. شۇندىن بۇيان قۇرۇلتاي ئورگىنى تەرىپىدىن سايلاپ چىقىلغان تەھرىر ھەيئىتى جىددى تەييارلىق قىلىش ۋە ئىشلەش ئارقىلىق ژۇرنالنىڭ تۇنجى سانىنى ھازىرلاپ نەشردىن چىقىرىش ئالدىدا تۇرماقتا. قۇرۇلتاي ئورگىنى ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشاۋاتقان ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتقان ھالدا مەزكۇر ژۇرنالنى ئۇيغۇرچە ۋە ئىسلاۋيەچە ئىككىخىل يېزىقتا ھازىرلاپ چىقتى.

« شەرقىي تۈركىستان ياشلىرى » ژۇرنىلىدا ئاساسلىق ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئۇيغۇر ياشلىرى ھەرىكىتىنىڭ ئوۋەتتىكى ۋەزىيىتى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى غايە ـ ئىستەكلىرى، ۋەتەندىكى ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ ئەھۋالى، مىللىي داۋايىمىزنىڭ ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئومۇمىي يۈلۈنۈشى، خەلقئارادىكى تەسىرى قاتارلىق تۈرلۈك مەزمۇنلار مۇۋاپىق تۈردە يەر ئالىدۇ.



سۈرەتتە: « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى » نىڭ مەركەزدىكى بىرقىسىم رەھبەرلىرى ۋە ئەزالىرى ياشلار قۇرۇلتىيىنىڭ ئۆتكەن يىللىق خىزمەتلىرىنى خۇلاسىلەش يىغىنىدا بىر ئارىغا كەلدى.

**مۇشتەرىلىرىمىز دىققىتىگە:**

كومپيۇتېرىمىزنىڭ كىرىلچە خەرىپ سىستېمىسى بۇزۇلغىنى ئۈچۈن، گېزىتىمىزنىڭ 34 ـ ۋە 35 ـ سانلىرىنىڭ كىرىلچە نۇسخىسىدا ناھايىتى كۆپ خاتالىق كۆرۈلگەن، بۇ تامامەن بىزنىڭ دىققەتسىزلىكىمىزدىن بولدى، شۇڭا مۇشتەرىلىرىمىزدىن ئالاھىدە ئەپۇ سورايمىز. گېزىتىمىزنىڭ كىرىلچە نۇسخىسى پات يېقىندا ئايرىم نەشر قىلىنىدۇ.

**ھۆرمەت بىلەن: « ئۇچقۇن » گېزىتى تەھرىر بۆلۈمى**

( بېشى 7 ـ بەتتە )

تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىشنى ئالدىنقى شەرت قىلىپ كەلدى ۋە بۇ شەرتلەر 1 ـ ۋە 2 ـ نۆۋەتلىك شەرقىي تۈركىستان مىللىي قۇرۇلتىيىنىڭ ۋە 1 ـ 2 ـ نۆۋەتلىك دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيىنىڭ نىزامنامە ۋە قارارلىرىدا ئورۇن ئېلىپ كەلدى. ياشلار قۇرۇلتىيىمىزنىڭ نىزامنامىسىنىڭ 12 ـ ماددىسىدا ئەينەن: « ياشلار قۇرۇلتىيى ـ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ۋە ئىنسانچە ياشاش ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلغان ياكى ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلغان خىتاي ئىچى ۋە سىرتىدىكى بارلىق خىتاي دېموكراتىك تەشكىلاتلىرى ۋە زاتلىرى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت ئورنىتىدۇ ۋە ھەمكارلىشىدۇ » دەپ ئېنىق كۆرسىتىلگەن ئىدى. 2 ـ نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىمىزدىن بۇيان رەھبەرلىك ئورگىنىمىز نىزامنامىمىزدا كۆرسىتىلگەن بۇ پىرىنسىپقا ئەمەل قىلىپ، يۇقارقى شەرتلىرىمىزنى قوبۇل قىلغان بەزى خىتاي دېموكراتىك تەشكىلاتلىرى ۋە زاتلىرى بىلەن بولغان نورمال ھەمكارلىق مۇناسىۋەتلىرىمىزنى ئىلگىرىلەپ تەرەققى قىلدۇردۇق. نۆۋەتتە چەتئەللەردە ئىنتايىن كۆپلىگەن خىتاي دېموكراتىك تەشكىلاتلىرى كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىگە قارشى پائالىيەت قىلىپ كەلمەكتە، ئەلۋەتتىكى ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا بىزنىڭ يۇقارقى شەرتلىرىمىزنى قوبۇل قىلغىنى يوق، بىز ئۇلارنىڭ ھەربىرى بىلەن ئۇچراشقاندا، ئالدى بىلەن شەرتلىرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويدۇق ۋە شەرتلىرىمىزنى قوبۇل قىلغانلىرى بىلەن ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق ۋە سەزگۈرلۈك بىلەن ھەمكارلىق ئېلىپ باردۇق. مەسىلەن، ئۆتكەن يىل ئىچىدە بىز خىتاينىڭ مەشھۇر دېموكراتىك زاتلىرىدىن ۋېي جىڭشېڭ، يەنجاچى، ۋۇخوگدا، چىمو ... قاتارلىقلار بىلەن كۆپ قېتىم يۈزتۇرانە ئۇچرىشىپ، ئۇلارغا شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئارزۇ ـ تەلەپلىرىنى ئاڭلىتىش بىلەن بىرگە، بىرقانچە قېتىم بىرلەشمە نامايىش، ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ۋە سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، مەلۇم دەرىجىدە خەلقئارالىق ئۈنۈمگە ئېرىشتۇق.

## 6. تىبەت ۋە موڭغۇل تەشكىلاتلىرى بىلەن بولغان ھەمكارلىق مۇناسىۋەتلىرىمىز

ياشلار قۇرۇلتىيىمىزنىڭ بىزگە تەقدىرداش بولغان تىبەت ۋە ئىچكى موڭغۇلىستان تەشكىلاتلىرى بىلەن بولغان ھەمكارلىق مۇناسىۋەتلىرىمىز ئۇزۇندىن بۇيان ئىزچىل ھالدا داۋام قىلىپ كەلمەكتە. گەرچە خەلقئارالىق كۆچلەرنىڭ تەۋسىيەسى بىلەن دالاي لاما باشچىلىقىدىكى تىبەت تەشكىلاتلىرى خىتايغا قاراتقان مۇجادىلە تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتىپ، يۇكسەك ئاپتونومىيە تەلەپ قىلىشنى ئالدىنقى پىلانغا چىقارغان بولسىمۇ، ئەمما ئىچكى جەھەتتە، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ياشلار تەشكىلاتلىرى مۇستەقىللىق پىكرىدىن قىلچە ۋاز كەچكىنى يوق. بىز، مىللىي مۇستەقىللىقتىن باشقا ھېچقانداق شەرتنى قوبۇل قىلمايدىغانلىقىمىزنى قاتتىق تەكىتلەش ئاساسىدا، خەلقئارالىق سىياسىي سەھنىلەردە تىبەت تەشكىلاتلىرى ۋە ئىچكى موڭغۇلىستان ئازاتلىق تەشكىلاتلىرى بىلەن بولغان ھەمكارلىق مۇناسىۋەتلىرىنىمۇ مۇۋاپىق شەكىلدە جانلاندۇردۇق، بۇجەھەتتە بىزنىڭ قولغا كەلتۈرگەن ئاساسلىق نەتىجىلىرىمىزنىڭ بىرى شۇ بولدىكى، ئۆتكەن يىلى 6 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ياشلار قۇرۇلتىيىمىز بىلەن « تىبەت ياشلار قۇرۇلتىيى » ئوتتۇرىسىدا كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىگە قارشى ئورتاق ھەرىكەت ئېلىپ بېرىش ھەققىدە جىددى مۇزاكىرىلەر ئېلىپ بېرىلدى.


گېزىتنىڭ قۇرغۇچىسى ۋە ساھىبى:
ئابدۇجېلىل قاراقاش
گېزىت مەسئۇلى ۋە باش تەھرىر:
پەرھات مۇھەممىدى
كومپيۇتېرغا ئالغۇچى:
ئارزىگۇل ھامۇت
مونتاژ: ئەسقەر تۇرسۇن

تۈركچە نۇسخىسىنىڭ تەھرىرى:
دوكتۇر ئەركىن ئەمەت
ئەرەپچە نۇسخىسىنىڭ تەھرىرى: تۇرغۇنجان ئالاۋۇدۇن
خىتايچە نۇسخىسىنىڭ تەھرىرى: ئۇيغۇر قىزى
لاتىنچە نۇسخىسىنىڭ تەھرىرى:
مۇنىرە يۇنۇس
كىرىلچە نۇسخىسىنىڭ تەھرىرى:
نادىرە ئىلھام

تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى:
ھاجى ياقۇپ ( تۈركىيە )
ئابلىكىم باقى ( تۈركىيە )
سىدىقھاجى روزى (ئامېرىكا )
ئەخمەت ئىگەمبەردى ( ئاۋۇستىرالىيە )
سېيىتجان قەيسەر ( ئۆزبېكىستان )
ئوختاخۇن ئەركىن (سەئۇدى ئەرەبىستان )
ئەنۋەرجان ( گېرمانىيە )
قەھرىمان غوجامبەردى ( قازاقىستان )

ياردەم بېرىشنى خالىغان ۋەتەنداشلىرىمىز ئۈچۈن بانكا ھېساپ نومۇرىمىز:
Uygurischer Verein.e.V
Konto: 907227110
BLZ: 70150000
Bank:
Stad sparkasse
Muenchen - Germany



E.T.I.C.
Lindwurmstr 99
80337 München
Germany
Internet:www.uygur.net
E-mail: etic@uygur.com
Tel: 0049-89-54 40 47 72
Fax: 0049-89-54 45 63 30


« شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نەشر قىلدى